ئىنگلىز تىلىدىكى جۈملىنىڭ مەخپىيىتىنى ئاشكارىلاپ ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىشىڭىزنى يېڭى يول بىلەن تەمىنلەيدۇ.

# ئىنگلىز تىلىدىكى جۈملىنىڭ مەخپىيىتى

## Secrets of English Patterns



شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى

ئىنگلىز تىلىدىكى جۈملىنىڭ مەخپىيىتى

شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى : ئەكبەر سالىھ

63 خىل ئاساسىي جۈملە شەكلى
19 خىل جۈملە شەكلىنى ئالماشتۇرۇش
1500 كۆپ قوللىنىلىدىغان جۈملە شەكلى

ئىنگلىز تىلىنىڭ مەخپىيىتى ئې-چىلدى، ئەمدى ئىنگلىز تىلى ئۆگى-نىش تەس ئەمەس.
جۇڭگو كىتاب بازىرىنى زىل-زىل-گە سالغان.
ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىش مائارىپىدا ئىنقىلاپ پەيدا قىلغان كىتاب.

ISBN 7-5372-3836-7
9 787537 238366 >

ISBN 7-5372-3836-7
（民文）定价：19.00元

ئىنگلىز تىلىنىڭ مەخپىيىتى ئېچىلدى، ئەمدى ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىش تەس ئەمەس.

جۇڭگو كىتاب بازىرىنى زىل- زىلىگە سالغان.

ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىش مائارىپىدا ئىنقىلاپ پەيدا قىلغان كىتاب.

www.uyghurkitap.com

# ئىنگلىز تىلىدىكى جۈملىنىڭ مەخپىيىتى

# Secrets of English Patterns


تۈزگۈچى: ۋاڭ چۈەنيى

تەرجىمە قىلغۇچى: ئابدۇمىجىت مۇھەممەت

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇلئەھەد ئابدۇرەشىد بەرقى



شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

图书在版编目(CIP)数据

英语句型的奥密/许小珂编；阿不都米吉提·买买提译．—乌鲁木齐：新疆人民卫生出版社，2004.9
ISBN 7—5372—3836—7

Ⅰ．英... Ⅱ．①许... ②阿... Ⅲ．英语—句型
Ⅳ．H314.3

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2004)第 099852 号

策划者：阿不都艾海提·阿不都热西提·白尔克
责任编辑：阿不力克木·努尔买买提阿吉
责任校对：热依汗·努尔

英语句型的奥密
(维吾尔文)
阿不都米吉提·买买提 编译

* * *

新疆人民卫生出版社出版
(乌鲁木齐市龙泉街 66 号 邮编 830001)
新疆光彩印刷厂印刷
新疆新华书店发行

* * *

850×1168 毫米 32 开本 11.5 印张
2004 年 9 月第 1 版 2004 年 9 月第 1 次印刷
印数：1 — 3000 定价：19.00 元

# تىل ئۆگىنىشنىڭ ئاسان يولى بارمۇ؟

كېسىپ ئېيتىش كېرەككى تىل ئۆگىنىشنىڭ ئاسان يولى يوق. تىل ئۆگىنىش ئىزچىللىقنى، ئەستايىدىللىقنى تەلەپ قىلىدىغان بىر مۇشەققەتلىك جەريان. لېكىن، ھېچقانداق پىلانسىز، ياخشى ماتېرىياللارسىز قارغۇلارچە ئۆگىنىش دېگەنلىك ئەمەس. تىرىشچانلىق بىلەن ياخشى ئۇسۇل، ياخشى ماتېرىياللار بىرلەشسە تىل ئۆگىنىشنىڭ مۇشەققەتلىك ئۇزۇن يولىنى زور دەرىجىدە قىسقارتقىلى، ناھايىتى تېز ئۇنۇمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ.

ھەر قانداق تىلنىڭ مەلۇم جۇملە تۈزەش قائىدىسى، مۇقىم جۇملە شەكلى بولىدۇ. بۇنداق جۇملە شەكىللىرى چەكسىز ئەمەس. قولىڭىزدىكى بۇ كىتابتا ئىنگلىز تىلىدىكى ئەڭ ئاساسلىق 63 خىل جۇملە شەكلى تونۇشتۇرۇلغان. سىز بۇ 63 خىل جۇملە شەكلىنى تولۇق ئىگەللىۋالسىڭىز ئىنگلىز تىلىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق جۇملە شەكلىنى ئىگەللىۋالغان بولىسىز. قىسقىسى سىز ئىنگلىز تىلى ئالاقىسىدە بىر ئەنگۈشتەرگە ئىگە بولغاندەك تۇيغۇغا كېلىسىز.

بۇ كىتاب يېڭىدىن ئىنگلىز تىلى ئۆگەنگۈچىلەرگە، ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىۋاتقىنىغا خېلى بىر مەزگىل بولغان، لېكىن ياخشى نەتىجىگە ئېرىشەلمىگەن، ھەر خىل ئىنگلىز تىلى ئىمتىھانلىرىدا ئۆتەلمەي قىينىلىۋاتقان ئىنگلىز تىلى ھەۋەسكارلىرىغا، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ، ھەر دەرىجىلىك كۇرسلارنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىغا مۇۋاپىق كېلىدۇ. دەرسلىك قىلىپ ئىشلىتىشكىمۇ بولىدۇ.

بىز ئۆزىمىزنى ئەڭ سەر خىل دېيەلمەيمىز. لېكىن ھەممىنى ئەمەلىيەت ئىسپاتلىسۇن. بۇ كىتاب ئارقىلىق ئىنگلىز تىلى سەۋىيىڭىز يېڭى بىر باسقۇچقا كۆتۈرۈلسە بىزنى ياد ئېتىشنى ئۇنتۇماڭ.

تەرجىماندىن

www.uyghurkitap.com

# كىرىش سۆز

جۈملە تولۇق ئاياغلاشقان ئوي-پىكىرنى ئىپادىلەيدىغان ئاساسىي تىل بىرلىكىدۇر. بىر قىسىم ئۆگەنگۈچىلەر گەرچە نۇرغۇن سۆزلەرنى ئۆگىنىۋەتكەن، گرامماتىكىغا ناھايىتى ماھىر بولسىمۇ، ئەمەلىي ئالاقە، ئۆگىنىش ۋە تىل ئىمتىھانلىرىدىن ئىزچىل ياخشى نەتىجىگە ئېرىشەلمەيدۇ. بۇنىڭ ئەڭ ئاساسىي سەۋەبلىرىدىن بىرى دەل ئىنگلىزچە جۈملە شەكىللىرىنى ئىگىلەشكە سەل قارىغانلىقىدىندۇر.

قانداق قىلغاندا باش چۆكۈرۈپ ئۆگىنىش، بىردىن ئونىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىش، ئومۇمىيلىقتىن تۈرگە ئۆتۈش ئارقىلىق ئاسان ئەستە ساقلاش، ئۈنۈملۈك ئىشلىتىش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ؟ مانا بۇ كەڭ ئىنگلىز تىلى ھەۋەسكارلىرى ۋە ئىمتىھان بەرگۈچىلەر كۆڭۈل بۆلىۋاتقان بىردىنبىر مەسىلىدۇر. قولىڭىزدىكى بۇ كىتاب دەل مۇشۇ خىل مەخپىيەتنى يەشكۈچى قىممەتلىك ئەڭگۈشتەر بولۇپ، پۈتۈن كىتاب تۆت قىسىمدىن تۈزۈلگەن، بىرىنچى قىسىمدا ئىنگلىز تىلىدىكى ئەڭ ئاساسلىق جۈملە شەكىللىرى تونۇشتۇرۇلۇپ ھەر بىر جۈملە تەپسىلىي تەھلىل قىلىنىدۇ. ئىككىنچى قىسىمدا ئىنگلىز تىلىدىكى ئالاھىدە جۈملە شەكىللىرى تونۇشتۇرۇلغان بولۇپ، ئاساسىي جۈملە شەكىللىرىنىڭ ئۆزگىرىش، تۈرلەرگە بۆلىنىش، كېڭىيىش ۋە قىسقىرىش ئەھۋاللىرى، شۇنداقلا بىر قىسىم تۇراقلىق ئىبارىلەر، ماقالە-تەمسىللەرنىڭ ئىشلىتىلىشىنى چۈشەندۈرۈش ئاساس قىلىنغان بولۇپ، سىز بۇ مەخپىيەتلەرنى ئىگىلەش ئارقىلىق توغرا، ئاددىي شەكىللەر ئارقىلىق ئۆزىڭىزنى

تـولۇق ئىپادىلەش مەقسىتىمىزگە يېتەلەيمىز. ئالاھىدە جۈملە شـەكـىـلـلـىـرى سىزنىڭ ئىنگلىز تىلىمىزنى ئېخىمۇ قالتىس رەڭـدارلــىق بـىـلەن تەمىن ئېتىدۇ. ئۈچىنچى قىسمى جۈملە شەكىللىرىنىڭ ئالمىشىشى بولۇپ، ئۇيغۇر تىلىغا ئوخشاشلا بىر گەپنى بىر قانچە خىل جۈملە شەكىللىرى ئارقىلىق ئىپادە قىلغىلى بولىدۇ. بۇ خىل ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق تىلدىكى رەڭدارلىقىمىز ئېخىمۇ ئاشىدۇ. تۆتىنچى قىسمى بولسا جۈملە شەكىللىرىنىڭ ئەمەلىي ئىشلىتىلىش ھالەتلىرى بولۇپ، ھەر قايىسى ساھەلەردىكى خـىـلـمـۇ خىل كىشىلەرنىڭ رەڭدار ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىدىن ئـىبارەت بولۇپ، بۇ قىسىم سىزگە تىلنىڭ ھەر قايىسى قاتلام كىشىلىرى ئارىسىدىكى سېھرىنى نامايان قىلىپ بېرىدۇ.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

# پايدىلىنىش كۆرسەتمىسى

| تۈرى | چۈشەندۈرۈش |
|---|---|
| S | ئىگە |
| ئىگە1) | ئىگىنىڭ ئۆچىنچى شەخس بىرلىك بولغانلىغىنى بىلدۈرىدۇ. |
| ئىگە2) | ئىگىنىڭ ئۈچىنچى شەخستىن باشقا شەخسلەردە ئاتىلىشىنى بىلدۈرىدۇ. |
| sb, sb | somebody نىڭ قىسقارتىپ يېزىلىشى (بەزىلەر) |
| sth, sth | somethingنىڭ قىسقارتىپ يېزىلىشى (بەزى ئىشلار، بەزى نەرسىلەر) |
| V | پېئىلنىڭ ئەسلى شەكلى |
| Vt, vt | ئۆتۈملۈك پېئىل |
| Vi, vi | ئۆتۈمسىز پېئىل |
| Vs | ئۈچىنچى شەخس بىرلىك شەكلىدىكى ئالماشلار ئىگە بولسا پېئىلنىڭ كەينىگەs(e) قوشۇلىدۇ. |
| V—ing | V—ingپېئىلنىڭ سۈپەتدىشى (ھەرىكەتنام ياكى ھازىرقى زامان سۈپەتدىشى) |
| V—d | $V-ed_1$ ۋە $V-ed_2$ |
| $V-ed_2$ | پېئىلنىڭ ئۆتكەن زامان سۈپەتدىشى (تارماق شەكلى) |
| $V-ed_1$ | $V-ed_1$پېئىلنىڭ ئۆتكەن زامان شەكلى |
| to V | تۇراقسىز سۆز بىرىكمىسى (پېئىللارنىڭ تۇراقسىز شەكلى) |
| N | ئىسىم |
| N' | يەنە بىر ئىسىم، (ئىككىنچى بىر ئىسىم) |
| N(pl.) | ئىسىمنىڭ كۆپلۈك شەكلى |
| N(sing.) | ئىسىملارنىڭ بىرلىك شەكلى |

| تۈرى | چۈشەندۈرۈش |
|---|---|
| X، Y | ئايرىم-ئايرىم ھالدا ئىسىملىق رولىنى ئوينايدىغان سۆز ياكى سۆز بىرىكمىسى |
| Adj | سۈپەت |
| Adv | رەۋىش |
| Piep | ئالدى قوشۇلغۇچى |
| Pron | ئالماش |
| (Pron)n | ئالماش ياكى ئىسىم |
| eg | مەسىلەن، مىسال |
| etc | قاتارلىقلار |
| cl. | ئېقىندى جۈملە |
| one's | ئىگە بولىدىغان سۈپەت خاراكتېرلىك ئالماشلار ياكى ئىسىملارنىڭ ئىگىلىك كېلىش شەكلى |
| wh-سۆز | who، when، where why، which، whether |
| —thing | something، anything قاتارلىق مۇرەككەپ ئالماشلار |
| wh—cl. | wh-سۆزى بىلەن كەلگەن ئېقىندى جۈملىلەر، سوراق ئېقىندى جۈملە شەكلى |
| | |

جۈملىنىڭ شەكلىنى بىلدۈرىدىغان بەلگىلەر جەدۋەلدە كەلسە سولدىن ئوڭغا ئوقۇلۇش تەرتىپىدە بېرىلىپ، ئىنگلىز تىلىدىكى جۈملىلەرنىڭ يېزىلىش تەرتىپىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇلدى. مەسىلەن:

S + be + adj

ئىگە + be + كەسمە خەۋەر (سۈپەت)

جەدۋەلدىن باشقا جايلاردا ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ تەرتىپى بويىچە ئوڭدىن سولغا ئوقۇلۇش تەرتىپى بويىچە يېزىلدى. مەسىلەن:

ئىگە + be + كەسمە خەۋەر (سۈپەت)

adj + be + s

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە

## بىرىنچى بۆلەك ئاساسىي جۈملە شەكىللىرى

1. ئىنگلىز تىلىدىكى جۈملە ئۇقۇمى ھەققىدە ...... 1
1. ئېنىقلىما ........................................ 1
2. جۈملىنىڭ تۈرلىرى ................................ 1
2. ئىنگلىز تىلىنىڭ مەخپىيىتىنى ئىگىلەشنىڭ ئەڭ ئاسان ئۇسۇلى: 63خىل ئاساسلىق جۈملە شەكلى
5 ........................................................
1-جۈملە شەكلى S+be+n./pron. .................... 6
2-جۈملە شەكلى S+be+adj. ........................ 9
3-جۈملە شەكلى S+be+prep. group .............. 10
4-جۈملە شەكلى S+be+adverbial adjunct ......... 12
5-جۈملە شەكلى S+be+to do (phrase) ............ 13
6-جۈملە شەكلى S+be+doing (phrase) ............ 14
7-جۈملە شەكلى S+be +clause ..................... 16
8-جۈملە شەكلى There+be+S ...................... 17
9-جۈملە شەكلى There+be+S+adverbial adjunct ...
19 ........................................................
10-جۈملە شەكلى It+be+adj./n. +to do (phrase)
21 ........................................................
11-جۈملە شەكلى How/What+adj./n.+(it+be) + to do (phrase) ........................ 22
12-جۈملە شەكلى It+be+adj./n.+doing (phrase) ...
23 ........................................................

13-جۈملە شەكلى It+be+n./adj. +clause ········· 25
14-جۈملە شەكلى It+be+adj./n.+for+n./pron.+to do
(phrase) ································ 28
15-جۈملە شەكلى S+vi ································ 30
16-جۈملە شەكلى There+vi+S ························ 32
17-جۈملە شەكلى It+vi+S (clause/to do phrase) ···
······························································ 33
18-جۈملە شەكلى It+vi+S (that clause) ········· 34
19-جۈملە شەكلى S+vi+(for)+adverbial adjunct ···
······························································ 35
20-جۈملە شەكلى S+vi+adverbial adjunct ········· 37
21-جۈملە شەكلى S+vi+to do (phrase) ··········· 39
22-جۈملە شەكلى (هالەت ئۆزگىرىشى) S+vi+adj. ······
······························································ 41
23-جۈملە شەكلى (ئالاھىدىلىك) S+vi+adj. ······ 42
24-جۈملە شەكلى (هالەت ئىزچىللىكى) S+vi+adj.
······························································ 43
25-جۈملە شەكلى S+vi+done ························ 45
26-جۈملە شەكلى It+seem/appear+adj./n.+to do/
diong/clause ························ 46
27-جۈملە شەكلى S+vi+reflexive noun ··········· 47
28-جۈملە شەكلى S+vi+doing (phrase) ··········· 49
29-جۈملە شەكلى S+vi+prep. +n./pron./doing ······
······························································ 50
30-جۈملە شەكلى S+vi+prep.+n./pron.+to do
(phrase) ································ 52
31-جۈملە شەكلى S+vi+(prep.+it)+clause ······ 54
32-جۈملە شەكلى S+seem/appear/happen/chance+to

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

do (phrase) ........................ 56
33-جۈملە شەكلى(phrase) S+be+to do ........ 57
34-جۈملە شەكلى.S+aux.v.+v ........................ 59
35-جۈملە شەكلى(phrase) S+mod.v.+do ........ 60
36-جۈملە شەكلى.S+vt+n./pron ........................ 61
37-جۈملە شەكلى.S+vt+reflextive pron ........... 62
38-جۈملە شەكلى ( مەنبەداش ئىسىم ) .S+vt+n ......
........................................................................ 64
39-جۈملە شەكلى.S+vt+n ........................ 65
40-جۈملە شەكلى(phrase) S+vt+doing ........... 67
41-جۈملە شەكلى(phrase) S+need/want+doing ...
........................................................................ 68
42-جۈملە شەكلى(phrase) S+vt+(not)++to do
........................................................................ 69
43-جۈملە شەكلى(phrase) S+vt+conjunctive+to do
........................................................................ 71
44-جۈملە شەكلىS+vt+that—clause ............... 73
45-جۈملە شەكلىS+vt+depended clause/question ...
........................................................................ 75
46-جۈملە شەكلى(S+vt+n./pron.(Io)+n./pron.(Do
........................................................................ 77
47-جۈملە شەكلى.S+vt+n./pron.(Do)+to/for+n
pron. (Io) ........................ 79
48-جۈملە شەكلى.S+vt+n./pron.+prep.+n./pron
(phrase) ........................ 82
49-جۈملە شەكلىS+vt+it+prep.+n/pron.+to do
phrase/that—clause ............... 83
50-جۈملە شەكلى+S+vt+n./pron.+conjunctive

85 ······················· clause/to do
··· S+vt+n./pron.+prep.(phrase)شەكلى  جۈملە-51
86 ······························································
87 ········ S+vt+adverb+n./pron.شەكلى  جۈملە-52
S+vt+n./pron.+to do (phrase)شەكلى  جۈملە-53
89 ······························································
······ S+vt+n./pron.+do (phrase)شەكلى  جۈملە-54
91 ······························································
··· S+vt+n./pron.+to be+adj./n.شەكلى  جۈملە-55
92 ······························································
S+vt+n./pron.+doing (phrase)شەكلى  جۈملە-56
93 ······························································
S+vt+n./pron.+doing (phrase)شەكلى  جۈملە-57
94 ······························································
··· S+vt+n./pron.+done (phrase)شەكلى  جۈملە-58
96 ······························································
97 ··· S+vt+n./pron./doing+adj.شەكلى  جۈملە-59
99 ··· S+vt+n./pron.+n.(phrase)شەكلى  جۈملە-60
S+vt+n./pron.+adverb of placeشەكلى  جۈملە-61
101 ·························································
··· S+vt+n./pron.+prep.(phrase)شەكلى  جۈملە-62
102 ·························································
··· S+vt+n./pron.+clause/phraseشەكلى  جۈملە-63
103 ·························································

## ئىككىنچى بۆلەك 16 خىل ئالاھىدە جۈملە شەكلى

1. مۇناسىۋەت سۆزلىرىدىن تۈزۈلگەن جۈملە شەكلى ··· 106

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

2 . نەتىجە قوشۇمچە جۈملە شەكلى .................... 111
3 . سەۋەب قوشۇمچە جۈملە شەكلى .................... 113
4 . ئۆتۈنۈش، يول قويۇش قوشۇمچە جۈملە شەكلى ......
.................................................... 115
5 . مەقسەت قوشۇمچە جۈملە شەكلى .................... 117
6 . شەرت قوشۇمچە جۈملە شەكلى .................... 119
7 . سېلىشتۇرما قوشۇمچە جۈملە شەكلى .................... 122
8 . تەرەپ، يۆنىلىش قوشۇمچە جۈملە شەكلى .................... 126
9 . ۋاقىت قوشۇمچە جۈملە شەكلى .................... 127
10 . ئورۇن قوشۇمچە جۈملە شەكلى .................... 129
11 . ئىنكار قوشۇمچە جۈملە شەكلى .................... 130
12 . تەتۈر (ئاغدۇرۇلما) قوشۇلما جۈملە شەكلى ... 136
13 . ئىستقارتىلما قوشۇلما جۈملە شەكلى .................... 140
14 . مۇستەقىل تەركىبلىك جۈملە شەكلى .................... 144
15 . پەرەز، مۆلچەر قوشۇمچە جۈملە شەكلى .................... 147
16 . ئادەت قوشۇمچە (ئادەتكە ئايلانغان) جۈملە شەكلى...
.................................................... 152

## ئۈچىنچى بۆلەك جۈملە شەكلىنى ئالماشتۇرۇش قائىدىسى

**1 . ئاددىي جۈملىنىڭ شەكلىنى ئالماشتۇرۇش...... 177**
ئاددىي جۈملە قۇرۇلمىسىنىڭ ئۆزگىرىشى.................... 177
مۇئەييەنلەشتۈرگۈچى جۈملە ۋە ئىنكار جۈملە ئارىسىدىكى
ئالماشتۇرۇش.................................................... 180
قايتۇرما سوئال جۈملە شەكلى بىلەن بايان جۈملە شەكلى
ئارىسىدىكى ئالماشتۇرۇش .................................... 181
**2 . ئاددىي جۈملە ۋە تەڭداش جۈملىلەر ئوتتۇرىسىدىكى**
**ئالماشتۇرۇش .................................................... 182**

تۇراقسىز شەكىلنىڭ ئالمىشىشى ..................... 182
پېئىللارنىڭ سۈپەتدىشى ۋە ھەرىكەتناملارنىڭ ئالمىشىشى
183 ..........................................................
ئالدى قوشۇلغۇچلۇق سۆز بىرىكمىسىنىڭ ئالمىشىشى ...
184 ..........................................................
**3. ئاددىي جۈملە بىلەن مۇرەككەپ جۈملە**
**ئوتتۇرىسىدىكى ئالمىشىش ..................... 185**
ئىگە بېقىندى جۈملە بىلەن سۆز بىرىكمىسىنىڭ ئالمىشىشى
185 ..........................................................
كېسىم پېئىللىق بېقىندى جۈملە بىلەن سۆز بىرىكمىسىنىڭ
ئالمىشىشى .................................................. 186
تولدۇرغۇچى بېقىندى جۈملە بىلەن سۆز بىرىكمىسىنىڭ
ئالمىشىشى .................................................. 187
ئېنىقلىغۇچى بېقىندى جۈملە بىلەن سۆز بىرىكمىسىنىڭ
ئالمىشىشى .................................................. 190
ھالەت بېقىندى جۈملە بىلەن سۆز بىرىكمىسىنىڭ
ئالمىشىشى ............................................ 192
**4. تەڭداش (قوشما) جۈملە بىلەن مۇرەككەپ جۈملىنىڭ**
**ئالمىشىشى ........................................ 195**
**5. ئاددىي جۈملىلەرنىڭ بىرىكىشى ..................... 197**
**6. ئىنتۇناتسىيىنىڭ ئالمىشىشى ..................... 201**
ئۆتكەن زامان شەكلى ئارقىلىق پەرەز، مۆلچەرنى ئىپادىلەش
ئۇسۇلى .................................................. 201
ئۆتكەن پۈتكەن زامان شەكلى ئارقىلىق پەرەز، مۆلچەرنى
ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى ............................ 202
~ I wish .................................................. 203
**7. كۆچۈرمە جۈملە ۋە ئۆزلەشتۈرمە جۈملىنىڭ**
**ئالمىشىشى ........................................ 204**

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

كۆچۈرمە جۈملىنىڭ بايان جۈملىگە ئالمىشىشى...... 204
كۆچۈرمە جۈملىنىڭ سوئال، ئۈندەش، بۇيرۇق جۈملە
ھالىتىدىكى ئۆزگىرىشى.............................. 207
**8. تىل ھالىتىنىڭ ئۆزگىرىشى ......................... 210**

## تۆتىنچى بۆلەك ئۆلگىلىك جۈملە شەكلىنىڭ ئىشلىتىلىشى

**كۈندىلىك تۇرمۇش تىلى.......................... 213**
1. ھاۋارايى ....................................... 213
2. يول سوراش ................................. 217
3. مال سېتىۋېلىش.............................. 222
4. تېلېفون ئۇرۇش ............................. 227
5. ئاشخانىلارغا كىرىش ........................ 232
6. ئۇچرىشىش..................................... 237
7. ماشىنىغا چىقىش ............................ 242
8. كۆڭۈل ئېچىش .............................. 251
9. كېسەل كۆرستىش ........................... 258
10. ياردەم سوراش.............................. 264
**كەسپ تىلى .......................................... 267**
1. سودا ............................................ 267
2. ئاممىۋى مۇناسىۋەت ........................ 278
3. مال تونۇشتۇرۇش ........................... 289
4. ئېلان ............................................ 300
5. ساياھەت........................................ 303
6. پۇل مۇئامىلە................................. 312
7. ئۆي - مۈلۈك ................................ 325
8. تەنتەربىيە .................................... 334
9. ئىنتېرنېت ..................................... 343

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# بىرىنچى بۆلەك ئاساسلىق جۈملە شەكىللىرى

## 1. ئىنگلىز تىلىدىكى جۈملە ئۇقۇمى ھەققىدە

### ئىنىقلىما

جۈملە ـ تولۇق ئاياغلاشقان ئوي-پىكرنى ئىپادىلەيدىغان ئاساسي تىل بىرلىكى بولۇپ، ئۇ سۆزلەرنىڭ گراماتىكىلىق قانۇنىيەتلەر بويىچە بىرىكىشىدىن تۈزۈلگەن بولىدۇ. ھەر قانداق جۈملە ئىككى بۆلەكتىن ـ بايان قىلغۇچى ـ ئىگە ۋە بايان قىلىنىدىغان ئىش-ھەرىكەت يەنى خەۋەردىن تەركىب تاپىدۇ.

### جۈملىنىڭ تۈرلىرى

تىل مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ نەزەرىيىسى بويىچە ئىنگلىز تىلىدىكى جۈملىلەرنى ئىككى خىل ئۆلچەم بويىچە تۈرلەرگە ئايرىشقا بولىدۇ. بىرىنچى، جۈملە قۇرۇلمىسى بويىچە تۈرگە ئايرىش، ئىككىنچى، بايان شەكلى بويىچە تۈرگە ئايرىش.

جۈملە قۇرۇلمىسى بويىچە تۈرگە ئايرىغاندا 3 خىل تۈرگە ئايرىغىلى بولىدۇ.

1. ئاددىي جۈملە (Simple Sentence) : بۇ پەقەت بىر خىللا ئاددىي ئوي-پىكرنى ئىپادىلەيدىغان جۈملە بولۇپ، بىرلا ئىگە ۋە خەۋەردىن تۈزۈلىدۇ. مەسىلەن: .I go to school

2. تەڭداش جۈملە (قوشما جۈملە) (Compound Sentence) : بۇ خىل جۈملىلەر ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق

تەڭداش جۈملىنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلۈپ، بىر ئورتاق مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن: I got up late and I was late.

3. مۇرەككەپ جۈملىلەر (Complex Sentence) : بۇ خىل جۈملە باش جۈملە (بېقىندۇرغۇچى جۈملە) ۋە ئەگەشمە جۈملە (بېقىنغۇچى جۈملە) لەردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، مۇرەككەپ ئوي-پىكرىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

Because I got up late, I was late.

جۈملىنى يەنە بايان شەكلىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن تۆۋەندىكى 4 تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ.

1. بايان جۈملە (Declarative Sentence) : بۇ خىل جۈملىلەر بىر خىل ئىش-ھەرىكەتنى ياكى ئاشۇ ئىش-ھەرىكەت ھەققىدىكى سۆزلىگۈچىنىڭ كۆز قارىشىنى ئىپادىلەيدۇ.

مەسىلەن: I like that book.

2. سوئال جۈملە (Interrogative Sentence) : بۇ خىل جۈملىلەر مەلۇم بىر خىل سوئالنى ئوتتۇرىغا چىقىرىدىغان بولۇپ، قۇرۇلما جەھەتتىن يەنە تۆۋەندىكى 4 خىل تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ:

(1) ئاددىي سوئال جۈملە (General Question) : بۇ خىل جۈملە دائىم ياردەمچى پېئىل، ھېسسىيات-ھالەت پېئىلى ياكى پېئىل be ۋە ياكى have بىلەن باشلىنىدۇ. Yes ياكى No دېگەن جاۋابنىڭ بېرىلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. مەسىلەن:

① Do you like roses? Yes, I do. (No, I do not.)

② Shall we go? Yes, let's.

③ Are you a teacher? No, I am not. (Yes, I am.)

(2) ئالاھىدە سوئال جۈملە (Special Question) : ئالاھىدە سوئال ئالماشلىرى ياكى سوئال رەۋىشلىرى بىلەن باشلىنىدۇ، تەتۈر جۈملە تەرتىپىدە كېلىدۇ. ئەگەر ئىگە سوئال ئالماش بولسا ياكى سوئال ئالماش بىلەن ئېنىقلانسا بايان جۈملە تەرتىپىدە

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

كېلىدۇ.

① What are you looking at?
② Where do you live?
③ How old is Tom?
④ Who won the championship?
⑤ How many students are absent?

(3) تاللانما سوئال جۈملە (Alternative Question): بۇ خىل جۈملىدە ئىككى خىل جاۋاب ئوتتۇرىغا قويۇلىدىغان بولۇپ، قايسى خىل جاۋابنىڭ توغرىلىقىنى تاللايمىز. بۇ خىل جۈملىلەر قۇرۇلما جەھەتتىن ئاددىي سوئال جۈملىدىن پەرقلەنمەيدىغان بولۇپ، ئىككى بۆلىكى or باغلىغۇچىسى ئارقىلىق باغلىنىدۇ. جاۋابى بىر قەدەر جانلىق بولىدۇ. مەسىلەن:

① Is Xiao Ming leaving today or tomorrow? Probably today.
② Do you want water or juice? Juice.
③ Are you a student or a teacher? I'm a student.

(4) تەتۈر (قايتۇرما) سوئال جۈملە (Disjunctive Question): بۇ خىل جۈملە شەكلىدە ئەھۋال ياكى كۆز قاراش ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، قارشى تەرەپنىڭ قوشۇلۇش-قوشۇلماسلىقىنى سورايدۇ. بۇ خىل سوئال جۈملىلەر ئىككى قىسمىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئالدىنقىسى بايان جۈملە شەكلىدە كەلسە، كېيىنكىسى ئالدىنقى بۆلەكنى تولۇقلىغۇچى ئاددىي، قىسقا سوئال جۈملىدىن تۈزۈلگەن بولىدۇ، ئالدىنقى جۈملە مۇئەييەنلەشتۈرۈش شەكلىدە كەلسە، كېيىنكى جۈملە دائىم ئىنكار شەكلىدە كېلىدۇ. ئەگەر باشتىكى جۈملە ئىنكار شەكلىدە كەلسە، ئىككىنچى جۈملە چوقۇم مۇئەييەنلەشتۈرۈش شەكلىدە كېلىدۇ. لېكىن ھەر ئىككى جۈملە چوقۇم زامان جەھەتتىن ئوخشاش بولۇشى كېرەك. مەسىلەن:

① He is a lawyer, isn't he?

② You can't come and join us, can you?

3. ئۈندەش جۈملە (Exclamatory Sentence): بۇ خىل جۈملىلەر سۆزلىگۈچىنىڭ ئىش-ھەرىكەت جەريانىدا ھەيران قېلىش، خۇشال بولۇش، ئاچچىقلىنىش ھېسسىياتىنى بىلدۈرىدىغان بولۇپ، بۇ تۈردىكى جۈملىلەر دائىم what, how قاتارلىق سوئال ئالماشلىرى بىلەن بىللە كېلىدۇ. what ئىسىملارنى، how سۈپەت، رەۋىش ياكى پېئىلنى ئېنىقلاپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

① what good news it is!
② What a lovely day it is!
③ How fast they are running!
④ How lovely they are!

4. بۇيرۇق جۈملە (Imperative Sentence): بۇ خىل جۈملىلەر بۇيرۇق، تەلەپ، ئۆتۈنۈش، تاپىلاش، چاقىرىق مەنىلىرىنى بىلدۈرىدۇ. خەۋەر پېئىلنىڭ ئەسلى شەكلى ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن:

① Bring me that book.
② Fasten your seat belt.
③ Take an aspirin.
④ Don't smoke!

يۇقىرىقىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىز، جۈملىنىڭ ئادەتتىكى تۈرلىرى بولۇپ، ئەمەلىيەتتە ئىنگلىزچە جۈملىلەر ئىنتايىن ئۆزگىرىشچان. لېكىن قانداق ئۆزگىرىشىدىن قەتئىينەزەر ھامان «ئىگە+خەۋەر» جۈملە شەكلىدىن تەرەققىي قىلغان بولۇپ، كىشىلەر ئۇزۇن مۇددەتلىك ئىجتىمائىي ئالاقە جەريانىدا بىر مۇنچە ئاساسىي جۈملە شەكىللىرىنى يەكۈنلەپ چىققان ۋە ئىجتىمائىي ئالاقە جەريانىدا ئىشلىتىپ مۇددىئاسىنى ئېنىق، توغرا ئىپادىلىگەن.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

# ئىنگلىز تىلىنىڭ مەخپىيىتىنى ئىگىلەشنىڭ ئەڭ ئاسان ئۇسۇلى: 63 خىل ئاساسلىق جۈملە شەكلى

ئامېرىكا تىل مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ قارىشىچە؛ ئاساسلىق جۈملە شەكلى، جۈملىنىڭ ئاساسىي قۇرۇلمىسى ۋە تەركىبلىرىدىن شەكىللەنگەن جۈملە شەكلى بولۇپ، جۈملىنىڭ ئاساسلىق تەركىبى ئىگە، تۇرداش پېئىللار، ئۆتۈمسىز پېئىل، ئۆتۈملۈك پېئىل، تولدۇرغۇچى، تولۇقلىغۇچى كېسىم خەۋەر قاتارلىق قىسىملاردىن تۈزۈلگەن بولىدۇ.

بىر ئاددىي جۈملە ئەڭ ئاز بولغاندىمۇ ئىككى ئاساسىي قىسىمدىن، ئەڭ كۆپ بولغاندا تۆت ئاساسىي قىسىمدىن تۈزۈلىدۇ. مەسىلەن:

| | | |
|---|---|---|
| □ I | like | apple |
| ئىگە | ئۆتۈملۈك پېئىل | تولدۇرغۇچى |
| (S) | (vt.) | (o) |

| | | | |
|---|---|---|---|
| □ I | make | my mother | angry. |
| ئىگە | ئۆتۈملۈك پېئىل | تولدۇرغۇچى | تولدۇرغۇچى تولۇقلىغۇچى |
| (S) | (vt.) | (o) | (co) |

يۇقىرىقى جۈملىلەردە ھەر قانداق بىر بۆلەكنى ئېلىپ تاشلىساق ئۇلار ھەرگىزمۇ تولۇق ئاياغلاشقان بىر جۈملە بولالمايدۇ. ئىنگلىز تىلىدىكى جۈملىلەر يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەن ئاساسلىق قىسىملاردىن (ئەڭ ئاساسلىق) تەركىب تاپىدۇ. شۇڭا بىز جۈملىلەرنى جۈملە قۇرۇلما شەكلىنىڭ ئوخشاشماسلىقىغا ئاساسەن بەش خىل جۈملە شەكلىگە ئايرىمىز.

1. ئىگە + be + كېسىم خەۋەر (S+be+complement)
2. ئىگە + ئۆتۈمسىز پېئىل (S+vi)
3. ئىگە+ ئۆتۈملۈك پېئىل+ تولدۇرغۇچى (S+vt+o)

4 . ئىگە+ئۆتۈملۈك پېئىل+ ۋاستىلىك تولدۇرغۇچى + بىۋاستە تولدۇرغۇچى (S+vt+Io+Do)

5 . ئىگە+ئۆتۈملۈك پېئىل+تولدۇرغۇچى+تولدۇرغۇچىنىڭ تولۇقلىغۇچىسى (S+vt+o+oc)

يۇقىرىقى ھەر بىر تۈرلۈك جۈملە شەكلى ئىچىدە ھەر خىل تەركىبلەرنىڭ شەكلى بىر-بىرىدىن پەرقلىنىدىغان بولۇپ، ماھىيەتتە مۇشۇ ئاساستا ئۇلارنى نۇرغۇن جۈملە شەكىللىرىگە ئايرىشقا بولىدۇ. لېكىن ئۇلارنىڭ ئاساسىي تەركىبى ئۆزگەرمەيدۇ. يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگەن بەش خىل جۈملە شەكلى ئىچىدىن كېڭەيتىلىپ چىقىلغان ئاساسلىق جۈملە شەكلى 63 خىل بولۇپ، ئەگەر سىز بۇ 63 خىل جۈملە شەكلىنى ئىگىلىۋالسىڭىز، مۇتلەق ئۇستۇنلۈك بىلەن ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىشنىڭ مۇۋەپپەقىيەت دەرۋازىسىنى ئىشغال قىلالايسىز.

ئوقۇرمەن دوستلار، تۆۋەندە بىز بىرلىكتە ئىنگلىزچە جۈملە شەكىللىرىنىڭ مەخپىيىتى ھەققىدە ئىزدىنەيلى!

## 1 - جۈملە شەكلى

| | S+be | n./pron. |
|---|---|---|
| 1 | *This is* | *a desk.* |
| 2 | *His Father is* | *a teacher.* |
| 3 | *The total was* | *seventy—three.* |
| 4 | *Parts of the students* | *are Chinese.* |
| 5 | *It's* | *me.* |
| 6 | *That's* | *mine.* |
| 7 | *Whether he will agree is* | *another question.* |
| 8 | *Those shoes are not* | *my size.* |

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



| | | |
|---|---|---|
| 9 | *Who* | *is that?* |
| 10 | *What colour* | *is her shirt?* |
| 11 | *What age* | *is he?* |
| 12 | *Wha* | *are cabbages today?* |

**【تەرجىمىسى】**

1. بۇ بىر ئۇستەل.
2. ئۇنىڭ دادىسى ئوقۇتقۇچى.
3. ئومۇمىي سانى 73.
4. ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىر قىسمى جۇڭگولۇق.
5. بۇ مەن.
6. ئۇ بولسا مېنىڭ.
7. ئۇنىڭ قوشۇلۇش-قوشۇلماسلىقى باشقا مەسىلە.
8. ئاۋۇ ئاياغلارنىڭ دەرىجىسى ماڭا مۇۋاپىق كەلمەيدىكەن.
9. ئاۋۇ كىم؟
10. ئۇنىڭ كۆينىكى قانداق رەڭدە؟
11. ئۇ قانچە ياشقا كىردى؟
12. بۈگۈن كاپۇستىنىڭ (Cabbags) باھاسى قانچە؟

**【تەھلىل】**

1. جۈملە شەكلى: ئىگە + be + كېسىم خەۋەر (ئىسىم/ئالماش)

2. بۇ خىل جۈملە شەكلىدە ئىگە ئىسىم بولسىمۇ، ئالماش بولسىمۇ، پېئىللارنىڭ سۈپەتدىشى بولسىمۇ ۋە ياكى بېقىندى جۈملە بولسىمۇ بولىدۇ.

3. who, what قاتارلىق ئالاھىدە سوئال ئالماشلىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە تەتۈر جۈملە تەرتىپى (ئاغدۇرۇلمىلىق) ئالاھىدە سوئال جۈملىگە ئۆزگىرىدۇ. مەسىلەن: What's the excharge rate? (پۇل ئالماشتۇرۇش نىسبىتى قانچە؟). بۇ خىل ئالاھىدە جۈملە

تەركىبىدە who, what قاتارلىق سوئال ئالماشلىرى كېسىم خەۋەر بولۇپ كېلىدۇ. ئىگە سوراق ئالماش بولسا ياكى سوراق ئالماش ئارقىلىق ئېنىقلانسا بايان جۈملە تەرتىپىدە كېلىدۇ. مەسىلەن:
How many students are absent?

قانچىلىك ئوقۇغۇچى كەلمىدى؟

4. بۇ خىل جۈملە شەكلىدە باغلىغۇچى پېئىل be نىڭ شەكلى ئىگىنىڭ زامان شەكلى ۋە بىرلىك، كۆپلۈكىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۆزگىرىدۇ.

5. باغلىغۇچى پېئىل be نى يەنە ئىسىملار بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئىشلەتسە بىر قىسىم ئادەتكە ئايلانغان جۈملىلەرنى شەكىللەندۈرىدۇ. مەسىلەن:

(1) I was all ears at the moment.

مەن شۇ چاغدا پۈتۈن زېھنىم بىلەن ئاڭلاۋاتاتتىم.

(2) He was then about your height.

ئۇ ۋاقىتتا سېنىڭ بويۇڭ ئۇنىڭ بويىدىن پەرقلەنمەيتتى.

(3) I am not fool enough to believe that.

مەن بۇنداق گەپكە ئىشەنگۈدەك دەرىجىدە ئۇنداق دۆت ئەمەس.

(4) She was all smiles.

ئۇنىڭ چېھرى كۈلكىگە تولغان ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# 2 - جۈملە شەكلى

| | S+be | adj. |
|---|---|---|
| 1 | *It was* | *dark.* |
| 2 | *We're* | *late.* |
| 3 | *The children were* | *exhausted.* |
| 4 | *Mary's* | *charming.* |
| 5 | *That he Will refuse is* | *most unlikely.* |
| 6 | *Don't be* | *afraid.* |
| 7 | *My daughter is* | *asleep.* |
| 8 | *Is he still* | *alive?* |
| 9 | *The ship is still* | *afloat.* |

【تەرجىمىسى】

1. قاراڭغۇ چۈشتى.
2. بىز كېچىكىپ قالدۇق.
3. بالىلار ھېرىپ كېتىپتۇ.
4. مارى بەك جەلپكار.
5. ئۇنىڭ رەت قىلىشى مۇمكىن ئەمەس.
6. قورقماڭ.
7. قىزىم ئۇخلاپ قاپتۇ.
8. ئۇ ھاياتمۇ؟
9. كېمە لەيلەۋاتىدۇ.

【تەھلىل】

1. جۈملە شەكلى: ئىگە+be+كېسىم خەۋەر (سۈپەت).
2. جۈملىلەر ئىچىدىكى Don't+be afraid بولسا بۇيرۇق جۈملە بولۇپ، ئۇنىڭدا ئىگە - يەنى you چۈشۈپ قالغان.

3 . جۈملىلەر ئىچىدىكى ?Is he still alive (ئۇ ھاياتمۇ؟) بولسا ئاددىي سوئال جۈملە بولۇپ، باغلىغۇچى پېئىل be دىن باشلانغان.

## 3 - جۈملە شەكلى

| | S+be | prep. group |
|---|---|---|
| 1 | *I'm all* | *for it (= agreeable).* |
| 2 | *Your memory's* | *at foult (faulty).* |
| 3 | *We were all* | *out of breath (=breathless).* |
| 4 | *At last he was* | *at liberty (=free).* |
| 5 | *This poem's* | *beyond me (=too difficult).* |
| 6 | *We are not yet* | *out of danger (=safe).* |
| 7 | *we're* | *behind schedule.* |
| 8 | *Everything's* | *in good order.* |
| 9 | *The machine's* | *out of order.* |
| 10 | *He is* | *above doing such things.* |

【تەرجىمىسى】

1 . مەن پۈتۈنلەي قوشۇلىمەن.
2 . سىزنىڭ ئەستە ساقلاش قابىلىيىتىڭىزدە مەسىلە بار ئىكەن.
3 . بىز دەم ئالالمىدۇق.
4 . ئۇ ئاخىرى ئەركىنلىككە چىقتى.
5 . مەن بۇ شېئىرنى چۈشىنەلمىدىم.
6 . بىز تېخى خەتەردىن قۇتۇلمىدۇق.
7 . بىز پىلاندىكى ۋاقىتتىن كېچىكىپ قاپتۇق.
8 . ھەر بىر ئىشنىڭ تەرتىپى بولىدۇ.
9 . ماشىنىدىن چاتاق چىقتى.
10 . ئۇ بۇنداق ئىشنى قىلىپ يۈرمەيدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

**【تەھلىل】**

1. جۈملە شەكلى: ئىگە+be+ئالدى قوشۇلغۇچىلىق ئىبارە كۆپ هاللاردا ئالدى قوشۇلغۇچىلىق ئىبارە جۈملىلەردە كېسىم خەۋەر بولۇپ كېلىدۇ. (كۆپ قىسىم)

2. يەنە نۇرغۇنلىغان ئالدى قوشۇلغۇچىلار تۆۋەندىكىدەك قىسقا سۆز بىرىكمىلىرىنى شەكىللەندۈرىدۇ. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| of great importance | ناهايىتى مۇھىم |
| of great help | ناهايىتى چوڭ ياردەم |
| in high spirits | كەيپىياتى ياخشى |
| in difficulty | قىيىنچىلىقتا قېلىش |
| out of control | كونترول قىلالماسلىق |
| out of patience | سەۋر قىلالماسلىق |
| under the weather | مىجەزى يوق |
| under investigation | تەكشۈرۈلىۋاتىدۇ. |

3. ۋاقىتنى بىلدۈرىدىغان ئالدى قوشۇلغۇچىلىق سۆز بىرىكمىلىرى كېسىم خەۋەر بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

Lunch will be in ten minutes.

يەنە 10 مىنۇت ئۆتكەندىن كېيىن چۈشلۈك تاماق يەيمىز.

The film is from seven till ten.

كىنو 7دىن 10 غىچە داۋاملىشىدۇ.

## 4 - جۈملە شەكلى

| | S+be | adverbial adjunct |
|---|---|---|
| 1 | *Your friend's* | *here.* |
| 2 | *The book you're looking for is* | *here.* |
| 3 | *The others are* | *there.* |
| 4 | *It's* | *there.* |
| 5 | *The train's* | *in.* |
| 6 | *The concert was* | *over.* |
| 7 | *The whole scheme is* | *off.* |
| 8 | *My house is* | *around.* |
| 9 | *Was anyone* | *up?* |

【تەرجىمىسى】

1. دوستۇڭ بۇ يەردە.
2. سەن ئىزدىگەن كىتاب بۇ يەردە.
3. باشقىلىرى ئۇ يەردە.
4. ئۇ ئۇ يەردە.
5. پويىز كەلدى.
6. مۇزىكا كېچىلىكى ئاياغلاشتى.
7. پۈتۈن پىلان ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.
8. مېنىڭ ئۆيۈم مۇشۇ ئەتراپتا.
9. ئورنىدىن تۇرغانلار بارمۇ؟

【تەھلىل】

1. جۈملە شەكلى: ئىگە+be+رەۋىش. بەزى رەۋىشلەر، مەسىلەن: on, in, off, through, up, down, about, out, over, around قاتارلىقلار دائىم كېسىم خەۋەر بولۇپ كېلىدۇ

ياكى باشقا سۆزلەر بىلەن كېيىن خەۋەر شەكىللەندۈرىدۇ.

2. بەزىدە ۋاقىت رەۋىشلىرى كېيىن خەۋەر بولۇپ كەلگەندە باغلىغۇچى پېئىل be، take place بىلەن ئوخشاش مەنىدە كېلىدۇ. مەسىلەن:

The meeting will be soon.

يىغىن هازىرلا باشلىنىدۇ.

## 5 - جۈملە شەكلى

| | S+be | to do (phrase) |
|---|---|---|
| 1 | *This house is* | *to let.* |
| 2 | *The best is yet* | *to come.* |
| 3 | *What's* | *to pay?* |
| 4 | *The causes are not far* | *to seek.* |
| 5 | *You're* | *to be congratulated.* |
| 6 | *My aim was* | *to help you.* |
| 7 | *To know her is* | *to like her.* |
| 8 | *All you have to do is* | *to fit the pieces together.* |
| 9 | *The thing to do is* | *to pretend you didn't hear.* |
| 10 | *His greatest Pleasure is* | *to sit in the pub talking to his friends.* |

【تەرجىمىسى】

1. بۇ ئۆي ئىجارىگە بېرىلىدۇ.
2. ئەڭ ياخشىسى يەنىلا ئارقىدا.
3. قانچە پۇل تاپشۇرىمەن؟
4. سەۋەبىنى تېپىپ چىقىش تەس ئەمەس.
5. سىز تەبرىكنى قوبۇل قىلىشىڭىز كېرەك.
6. مېنىڭ مەقسىتىم بولسا سىزگە ياردەم بېرىش.

7. سىز ئۇنى چۈشەنسىڭىز، ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالىسىز.
8. سىزنىڭ ۋەزىپىڭىز بۇ پارچىلارنى بىر يەرگە يىغىش.
9. سىزنىڭ قىلىدىغان ئىشىڭىز ئاڭلىمىغان قىياپەتكە كىرىۋېلىش.
10. ئۇنىڭ ئەڭ چوڭ خۇشاللىقى قاۋاقخانىدا دوستلىرى بىلەن پاراڭلىشىش.

【تەھلىل】

1. بۇ خىل جۈملە شەكلىدە پېئىلنىڭ ئېنىقسىز شەكلى ياكى پېئىلنىڭ ئېنىقسىز شەكلىدە تۈزۈلگەن سۆز بىرىكمىسى كېسىم خەۋەر (سۈپەت) بولۇپ كېلىدۇ.
2. يۇقىرىقى مىسالدىكى «This house is to let.»، «The causes are not far to seek.» لارنىڭ ھەر ئىككىسى ئاكتىپ شەكىل بولۇپ، لېكىن مەجھۇل مەنىسى بار.
3. 5 - مىسالدىكى «You are to be congratulated.» پېئىلنىڭ ئېنىقسىز شەكلى ئىشلەتكىنى مەجھۇل شەكىل بولۇپ ئىپادىلەنگەن ئىگە دەل پېئىلنىڭ ئېنىقسىز شەكلى ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ ئۇستىگە ئالغۇچىسىدۇر.

## 6 - جۈملە شەكلى

| | S+be | doing (phrase) |
|---|---|---|
| 1 | *The real problem is* | *getting to know the needs of the customers.* |
| 2 | *Her job is* | *raising pigs.* |
| 3 | *denying this will be* | *shutting one's eyes to facts.* |
| 4 | *The only thing that interests her is* | *dancing.* |
| 5 | *To keep money you have found is* | *stealing.* |
| 6 | *Seeing is* | *believing.* |

www.uyghurkitap.com

**【تەرجىمىسى】**

1. ئەمەلىي مەسىلە بولسا ئىستېمالچىلارنىڭ ئېھتىياجىنى چۈشىنىش.
2. ئۇنىڭ خىزمىتى بولسا چوشقا بېقىش.
3. بۇنى ئىنكار قىلىش پاكىتقا كۆز يۇمۇش دېمەكتۇر.
4. ئۇ پەقەت ئۇسۇل ئويناشقىلا قىزىقىدۇ.
5. پۇل تېپىۋېلىپ تاپشۇرۇپ بەرمەسلىك ئوغرىلىغانغا ئوخشاش.
6. كۆرگەنلا نەرسىگە ئىشىنىپ قېلىش.

**【تەھلىل】**

1. جۈملە شەكىللىرى ئىچىدىكى (ھەرىكەتنام) دائىم كېسىم خەۋەر بولىدۇ.

2. ھەرىكەتنام بىلەن پېئىلنىڭ تۇراقسىز شەكلىنىڭ ھەر ئىككىسى جۈملىدە كېسىم پېئىل بولالايدۇ. ئادەتتە ئابستراكت قىلمىشنى ئىپادىلىگەندە ھەرىكەتنام قوللىنىلىپ، كونكرېت ھەرىكەتنى بىلدۈرگەندە پېئىلنىڭ ئېنىقسىز شەكلى قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

(1) Their job is building houses.

ئۇلارنىڭ خىزمىتى بولسا ئۆي سېلىش.

(2) Our task now is to increase food production.

بىزنىڭ ھازىرقى ۋەزىپىمىز ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش مىقدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش.

# 7 - جۈملە شەكلى

| | S+be | clause |
|---|---|---|
| 1 | *The trouble is* | *(that) all the shops are shut.* |
| 2 | *Is this* | *what you're looking for?* |
| 3 | *What delighted me most was* | *that they were singing for the pure joy of it.* |
| 4 | *Everything was* | *as we had left it.* |
| 5 | *This is* | *where I work.* |
| 6 | *My suggestion is* | *(that) we should plant more trees in the streets.* |

**【تەرجىمىسى】**

1. مەسىلە شۇكى بارلىق دۇكانلار تاقىلىپ كېتىپتۇ.
2. بۇ سىز ئىزدەۋاتقان نەرسە شۇمۇ؟
3. مېنى ئەڭ خۇشال قىلىدىغىنى ئۇلار كۆڭۈل ئېچىش ئۈچۈن ناخشا ئېيتىدۇ.
4. ھەممە نەرسە بىز قالدۇرۇپ كەتكەن پېتى ئىكەن.
5. بۇ بولسا مەن ئىشلەيدىغان جاي.
6. مەن كوچىلارغا كۆپرەك كۆچەت تىكەيلى دەپ پىكىر بەردىم.

**【تەھلىل】**

1. بۇ خىل جۈملە شەكلى: ئىگە+be+كېسىم خەۋەردىن بولغان بېقىندى جۈملە بولۇپ، كېسىم خەۋەردىن تۈزۈلىدىغان بېقىندى جۈملىنىڭ ئۈچ خىل تۈرى بار: بىرىنچى تۈرى مۇناسىۋەت ئالماش that بىلەن كېلىدىغان، ئىككىنچى تۈرى مۇناسىۋەت ئالماش what بىلەن كېلىدىغان، ئۈچىنچى تۈرى

باغلامچى رەۋىش ياكى ئالماشلاردىن تۈزۈلىدىغان بېقىندى جۈملىلەردۇر.

2. ئىنگلىز تىلىدا that بىلەن كېلىدىغان خەۋەرى كېسىم خەۋەردىن بولغان كېسىم خەۋەرلىك بېقىندى جۈملىلەردە that ئۈلانىسمۇ ياكى چۈشۈپ قالسىمۇ بولىۋېرىدۇ.

My idea is we can go there by train.

مېنىڭچە بىز ئۇ يەرگە پويىز بىلەن بارايلى.

## 8 - جۈملە شەكلى

| | There+be | S |
|---|---|---|
| 1 | *There was* | *a large crowd.* |
| 2 | *There won't be* | *enough time.* |
| 3 | *There's* | *no doubt about it.* |
| 4 | *There's* | *still time for us to see the film.* |
| 5 | *There's been* | *too much idle gossip* |
| 6 | *There's* | *no accounting for tastes.* |
| 7 | *There's* | *a man waiting to see you.* |
| 8 | *There was* | *every reason for him to be satisfied.* |
| 9 | *There are still* | *many things worth fighting for.* |
| 10 | *There can be* | *very little doubt about his guilt.* |
| 11 | *there can't have been* | *much traffic so late at night.* |
| 12 | *There have been* | *many such incidents.* |
| 13 | *There must be* | *a mistake somewhere.* |
| 14 | *There's* | *only one man qualified for the job.* |

**【تەرجىمىسى】**

1. ئۇ يەردە بىر توپ كىشىلەر بار.
2. يېتەرلىك ۋاقىت قالمىدى.
3. مەسىلە يوق.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

4. بىزنىڭ يەنە كىنو كۆرگىدەك ۋاقتىمىز بار.

5. بۇ يەردە قۇرۇق گەپ قىلىدىغانلار بەك كۆپ.

6. بۇ يەردە زىغىرلاپ ئولتۇرغىدەك سەۋەب يوق.

7. بۇ يەردە بىر كىشى سىز بىلەن كۆرۈشۈشكە ساقلاۋاتىدۇ.

8. ئۇ پۈتۈنلەي رازى بولىدۇ.

9. بۇ يەردە كۈرەش قىلىشقا ئەرزىيدىغان نۇرغۇن ئىشلار بار.

10. ئۇنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزگەنلىكى شۈبھىسىز.

11. بۇنداق يېرىم كېچىدە قاتناش قىستاڭچىلىقى بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.

12. بۇ يەردە نۇرغۇن ئوخشاپ كېتىدىغان ئىشلار يۈز بەردى.

13. چوقۇم مەلۇم جايدىن خاتالىق چىقتى.

14. بۇ يەردە پەقەت بىرلا ئادەم بۇ خىزمەتكە ماس كېلىدۇ.

**【تەھلىل】**

1. جۈملە شەكلى بولسا: «There+be+ئىگە» شەكلىدە بولۇپ، بۇ بىر تەتۈر جۈملە تەرتىپى بولۇپ، ئادەتتىكى ئەھۋال ئاستىدا ئىگە ئېنىقسىز ئادەم ياكى نەرسە بولغاندا ئىگىنى there be نىڭ كەينىگە قويىمىز. ئەمما، ئىگە ئالاھىدە بەلگىلەنگەن ھالەتتە كەلگەندە بۇ خىل جۈملە شەكلىنى ئىشلىتىشكە بولمايدۇ. مەسىلەن: The lady is sitting on the sofa. (بۇ خانىم ساپادا ئولتۇرۇۋاتىدۇ) دېگەن جۈملىدىكى the lady ئەگەر a lady بولۇپ قالسا، ئۇ ھالدا جۈملە شەكلىگە There is a lady ئۆزگىرىدۇ، a lady ئېنىقسىز ئىگە بولىدۇ.

2. There نىڭ كەينىدىكى be، جۈملىنىڭ ئېھتىياجى بويىچە ياردەمچى پېئىلغا قوشۇلۇپ كېتىدۇ. يۇقىرىقى 10-، 11-، 13-جۈملە شەكىللىرىمۇ مۇشۇ خىل جۈملە شەكلىدۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مەسىلەن:

(1) There may be some foreigners among them.

ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىر نەچچە چەت ئەللىك بولۇشى مۇمكىن.

(2) There used to be just fields around here.

ئىلگىرى بۇ ئەتراپنىڭ ھەممىسى ئېتىزلىق ئىدى.

(3) There must be a better way to do it.

بۇ ئىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئامالى بولۇشى مۇمكىن.

3. There be جۈملە شەكلىدە ئىككىدىن ئارتۇق تەڭداش ئىگە بولغاندا پېئىلنىڭ يېنىدىكى ئىگە بىرلىك شەكىلدە كېلىپ كۆپلۈك ئۇلچىمىگە تەۋە بولىدۇ.

(1) There is a man and a woman in the room.

ئۆيدە بىر ئەر ۋە بىر ئايال بار.

(2) There are two men and one woman in the room.

ئۆيدە ئىككى ئەر، بىر ئايال بار.

4. There be جۈملە شەكلىدە زامان ئۆزگىرىشى بار. ھازىرقى زامان، ئۆتكەن زامان، ھازىرقى پۈتكەن زامان، كەلگۈسى زامان پۈتكەن شەكلى بار. بۇ يەردىكى ئۆزگىرىش پەقەت باغلىغۇچى be ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

## 9 - جۈملە شەكلى

| | There+be | S | adverbial adjunct |
|---|---|---|---|
| 1 | *There are* | *three windows* | *in this room.* |
| 2 | *There was* | *a thunderstorm* | *in the night.* |
| 3 | *There are* | *several hotels* | *in this town.* |
| 4 | *Are there* | *many apples* | *on your trees this year?* |
| 5 | *There's* | *a plan of the town* | *on page 23.* |
| 6 | *There are* | *some problems* | *here.* |

【تەرجىمىسى】

1. بۇ ئۆينىڭ ئۈچ دېرىزىسى بار.

2. كېچىدە گۈلدۈرماملىق يامغۇر ياغدى.

3. بۇ بازاردا بىر نەچچە مېھمانخانا بار.

4. بۇ يىل ئالما دەرىخىڭىز خېلى كۆپ مېۋە بەردىمۇ؟

5. 23-بەتتە بۇ بازارنىڭ سىپلىنىش پىلانى بار.

6. بۇ يەردە بىر مۇنچە مەسىلە بار.

【تەھلىل】

1. جۈملە شەكلى بولسا: رەۋىش خاراكتېرلىك سۆز بىرىكمىسى + ئىگە+There+be . بولىدۇ.

2. There+be جۈملە شەكلىدە ئەگەر ئېھتىياجلىق بولسا يەنە بىر there قوشۇلۇپ جۈملىدە ھالەت بولۇپ كەلسىمۇ بولىدۇ ھەمدە «ئۇ يەردە» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

There are some large hotels over there.

ئۇ يەردە بىر نەچچە مېھمانخانا بار.

3. There+be جۈملە شەكلى يەنە ئاددىي سوئال جۈملە ياكى تەتۈر سوئال جۈملىگىمۇ ئۆزگىرەلەيدۇ. مەسىلەن:

(1) Is there any coffee left in the pot?

چەينەكتە قەھۋە بارمىكەن؟

Yes, there is. (ھەئە، بار ئىكەن.)

No, there isn't. (ياق، يوق ئىكەن.)

(2) There aren't any more cakes, are there?

تورت يوقمۇ، نېمە؟

Yes, there are. (ياق، بۇ يەردە بار ئىكەن.)

No, there arent't. (ھەئە، بۇ يەردە يوق ئىكەن.)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# 10 - جۈملە شەكلى

| | There+be | S | adverbial adjunct |
|---|---|---|---|
| 1 | *It's* | *so nice* | *to sithere with you.* |
| 2 | *It would have been* | *much wiser* | *to reduce speed.* |
| 3 | *It's* | *a pity* | *to waste them.* |
| 4 | *It would be* | *amistake* | *to ignore their advice.* |
| 5 | *It's* | *such a relief* | *to hear you laughing again* |
| 6 | *It was* | *a pleasant surprise* | *to be told that I'd been promoted.* |
| 7 | *It's no* | *exaggeration* | *to say that no actor has surpassed him in the part of Othello.* |

**【تەرجىمىسى】**

1. سىز بىلەن بۇ يەردە ئولتۇرۇش تولىمۇ كۆڭۈللۈك.
2. سۈرئەتنى ئاستىلىتىش ئەڭ ياخشى چارە.
3. ئۇلارنى ئىسراپ قىلىش، تولىمۇ ئەپسۇسلىنارلىق ئىش.
4. ئۇلارنىڭ پىكرىگە سەل قاراش خاتا ئىش.
5. سىزنىڭ كۈلكىڭىزنى ئاڭلاش راستىنلا كىشىنى خۇشال قىلىدۇ.
6. باشقىلار مېنى «ئۆستۈرۈلدى» دەيدۇ. بۇ ھەقىقەتەن كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ.
7. ھېچكىممۇ ئوتىللونىڭ رولىنى ئۇنىڭدەك ياخشى ئالالمايدۇ.

**【تەھلىل】**

1. بۇ جۈملە شەكلى ئەمەلىيەتتە «ئىگە+be+كېسىم خەۋەر» جۈملە شەكلىنىڭ ئۆزگىرىشى بولۇپ، پەقەت جۈملە شەكلىدە پېئىلىنىڭ ئېنىقسىز شەكلى ئىگە بولغاندا جۈملىنىڭ بىردەكلىكىنى ساقلاش ئۈچۈن It ياردەمچىلىككە قوبۇل قىلىنىپ، جۈملىنىڭ ھەقىقىي ئىگىسى جۈملىنىڭ كەينىگە يۆتكىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە It نىڭ كونكرېت مەنىسى بولمايدۇ. مەسىلەن:

To tell a lie is wrong=It is wrong to tell a lie.

يالغان ئېيتىش خاتا.

## 11 - جۈملە شەكلى

| | How/What | adj./n | (it+be) | to do (phrase) |
|---|---|---|---|---|
| 1 | *How* | *nice* | (*it is*) | *to sit here with yoou*! |
| 2 | *How* | *much wiser* | (*it would have been to*) | *reduce speed*! |
| 3 | *What* | *a pity* | (*it is*) | *to waste them*! |
| 4 | *What* | *a mistake* | (*it would be*) | *to ignore their advice*! |
| 5 | *What* | *a pleasant surprise* | (*it was*) | *to be told that I'd been promoted*! |

【تەرجىمىسى】

1. سىز بىلەن بىللە ئولتۇرۇش نېمە دېگەن كۆڭۈللۈك!

2. سۈرئەتنى ئاستىلىتىش نېمە دېگەن ياخشى ئىش-ھە!

3. ئۇلارنى ئىسراپ قىلىش نېمە دېگەن ئەپسۇسلىنارلىق ئىش-ھە!

4. ئۇلارنىڭ پىكرىگە سەل قاراش بىر چوڭ خاتالىق!

5. ئۆزۈمنىڭ ئۆسكەنلىكىنى ئاڭلاپ، ناھايىتى ھەيران قالدىم.

【تەھلىل】

1. 11-جۈملە شەكلى 10-جۈملە شەكلى ئاساسىدا تۈزۈلگەن بولۇپ، How، What سوئال ئالماشلىرى كېسىم خەۋەرنى ئالدىغا قويۇپ، ئۈندەش جۈملىگە ئايلىنىدۇ. How سۈپەت رەۋىشنى ئېنىقلايدۇ. What ئىسىمنى ئېنىقلايدۇ. بۇنداق ئۈندەش جۈملە بەك كۆپ. مەسىلەن:

(1) What a mistake (it is) to have rejected the plan!

بۇ پىلاننى ئىنكار قىلىش نەقەدەر چوڭ خاتالىق-ھە!

(2) How lovely it was to be out in the sun!

ئاپتاپقا قاقلىنىش نېمە دېگەن ياخشى!

2. ئادەتتىكى ئەھۋال ئاستىدا يۇقىرىقى جۈملىدىكى it+be چۈشۈپ قالسىمۇ بولىدۇ.

## 12 - جۈملە شەكلى

| | **It+be** | **adj./n.** | **doing (ghrase)** |
|---|---|---|---|
| 1 | *It's* | *so nice* | *sitting here with you.* |
| 2 | *It's* | *no good* | *hoping for help from the authorities.* |
| 3 | *It won't be* | *much good* | *complaining to them.* |
| 4 | *It wouldn' be* | *nay use* | *my talking to him.* |
| 5 | *It's* | *no good* | *crying over spilt milk.* |
| 6 | *It was* | *a difficult business* | *getting euerything ready in time.* |
| 7 | *It's* | *wonder ful* | *lying on the beach all day.* |
| 8 | *It wasn't* | *much use* | *my pretending I didn't know the rules.* |
| 9 | *It's not* | *worth while* | *losing your temper.* |
| 10 | *It was really* | *worth while* | *running that youth club last year.* |

**【تەرجىمىسى】**

1. سىنىڭ بىلەن بۇ يەردە ئولتۇرۇش ھەقىقەتەن كۆڭۈللۈك.

2. ھۆكۈمەت دائىرىلىرىدىن ياردەمگە ئېرىشىشنى ئۈمىد قىلىش مۇمكىن ئەمەس.

3. ئۇلاردىن ئاغرىنىشنىڭ پايدىسى يوق.

4. مېنىڭ ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىمنىڭ پايدىسى يوق.

5. سۈت تۆكۈلۈپ بولغاندا يىغلىغاننىڭ پايدىسى يوق.

6. ھەر بىر ئىشنى ۋاقتىدا كۆڭۈلدىكىدەك تەييارلاپ بولۇش ھەقىقەتەن قىيىن.

7. پۈتۈن كۈن بوي ساھىلدا ئاپتاپقا قاقلىنىش ھەقىقەتەن كۆڭۈللۈك.

8. مېنىڭ يالغاندىن قائىدىنى بىلمەس بولۇۋالغىنىمنىڭ پايدىسى بولمىدى.

9. خاپا بولۇشۇڭغا ئەرزىمەيدۇ.

10. ئالدىنقى يىلى قۇرۇلغان ياش-ئۆسمۈرلەر كۇلۇبىنىڭ ھەقىقەتەن قىممىتى بار.

【تەھلىل】

1. جۈملىدىكى It شەكىلدىكى ئىگە بولۇپ، ھەقىقىي ئىگە بولسا ھەرىكەتنام. جۈملىنىڭ تەڭپۇڭلۇقى ئۈچۈن، ھەرىكەتنامنى ئىگىنىڭ كەينىگە يۆتكەيمىز. مەسىلەن:

playing with fire is dangerous.

ئوت بىلەن ئوينىشىش خەتەرلىك.

→ It's dangerous playing with fire.

ئوت ئويناش ئىنتايىن خەتەرلىك.

2. ھەرىكەتنام ئىگە بولۇپ كېلىدىغان جۈملىلەر نىسبەتەن ئاز ئۇچرايدۇ. ئاساسلىقى no good, no use, useless, senseless, nuisance, worthwhile, waste, dangerous قاتارلىق ھەرىكەتناملار كېسىم خەۋەر بولىدىغان جۈملىلەردە ئىشلىتىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# 13 - جۈملە شەكلى

| | It+be | n./asj. | clause |
|---|---|---|---|
| 1 | *It was* | *a pity* | *(that) you couldn't come.* |
| 2 | *It was* | *lucky* | *(that) you left when you did.* |
| 3 | *It's* | *strange* | *he should have said that.* |
| 4 | *It's* | *possible* | *he didn't get your message.* |
| 5 | *It's* | *splendid news* | *that you've found a job.* |
| 6 | *It's* | *likely* | *( that ) they'll announce their engagement soon.* |
| 7 | *It was* | *a mystery* | *how the burglars got in.* |
| 8 | *It's* | *duoubtful* | *whether he'll be able to come.* |
| 9 | *It'll be* | *a great day* | *when the peace treaty is signed.* |
| 10 | *It'll be* | *a long time* | *before we ask him round again.* |
| 11 | *It's* | *high time* | *the chidren were in bed.* |

【تەرجىمىسى】

1. سىزنىڭ كېلەلمىگەنلىكىڭىز ھەقىقەتەن ئەپسۇسلىنارلىق ئىش بولدى.
2. سىز دەل ۋاقتىدا ئايرىلغان ئىكەنسىز، ھەقىقەتەن تەلەيلىككەنسىز.
3. ناھايىتى ئەجەبلىنەرلىكى ئۇ شۇنداق سۆزنى دېدى.
4. ئۇ بەلكىم سىزنىڭ خەۋىرىڭىزنى تاپشۇرۇۋالمىدى.
5. سىزنىڭ خىزمەت تاپقانلىقىڭىز ھەقىقەتەن بىر خۇش خەۋەر.
6. ئۇلار تېزلا توي قىلىدىغانلىقىنى جاكارلىشى مۇمكىن.
7. ئوغرىنىڭ قانداق كىرگەنلىكى ھەقىقەتەن بىر سىر.

8. ئۇنىڭ كېلىش-كەلمەسلىكى يەنىلا كىشىنى گۇمانلاندۇرىدۇ.

9. تىنچلىق كېلىشىمى ئىمزالانغان ۋاقىت بىر ئۇلۇغ كۈن بولىدۇ.

10. ئۇنى قايتا تەكلىپ قىلىپ كېلىشىمىز ئۈچۈن خېلى ۋاقىت كېتىدۇ.

11. دەل بالىلار ئۇخلاپ قالغان ۋاقىت ئىدى.

**【تەھلىل】**

1. بۇ جۈملە شەكلى بېقىندى جۈملىنى ئىگە قىلغان. It پەقەت شەكىلدىكى ئىگىدۇر. بېقىندى جۈملە ئىگە بولىدىغان جۈملە ئاز ئەمەس. بېقىندى جۈملە باغلىغۇچى that نى قوزغاتقۇچى قىلىشىمۇ، باغلىغۇچى ئالماش ياكى باغلىغۇچى رەۋىشنى قوزغاتقۇچى قىلىشىمۇ مۇمكىن.

2. باغلىغۇچى that قوزغاتقۇچى قىلىنغان بېقىندى جۈملە كۆپىنچە جۈملىنىڭ ئاخىرىغا قويۇلىدۇ. it شەكىلدىكى ئىگە بولىدۇ. it نى ئىشلەتمەي بېقىندى جۈملىنى جۈملىنىڭ بېشىغا قويىدىغان ئەھۋال ناھايىتى ئاز بولىدۇ. ئىگىنى تەكىتلەش ياكى جۈملىنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاش ئۈچۈن شۇنداق قىلىنىدۇ.

(1) That we need more equipment is quite obvious.

بىز نۇرغۇن ئۈسكۈنىگە موھتاج، بۇنىسى ناھايىتى ئېنىق.

(2) That you are coming to London is the best news I have heard this long time.

لوندونغا كېلىشىڭ ئۇزۇندىن بۇيان مەن ئاڭلىغان ئەڭ ياخشى خەۋەر بولدى.

3. باشقا باغلىغۇچى ئالماش ياكى رەۋىشنى قوزغاتقۇچ قىلغان ئىگە بېقىندى جۈملە جۈملىنىڭ بېشىغا قويۇلسىمۇ، ئاخىرىغا قويۇلسىمۇ بولىدۇ. it شەكىلدىكى ئىگە بولۇپ، ئىككىسىنى ئالماشتۇرۇپ ئىشلەتكىلى بولىدۇ. مەنىسىدە پەرق

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بولمايدۇ. لېكىن جۈملە سوئال شەكلىدە بولسا پەقەت it بار قۇرۇلمىلىقنى ئىشلىتىمىز. مەسىلەن:

Has it been announced when the trains are to leave?

پويىز قاچان قوزغىلىدىكەن، ئېلان قىلىندىمۇ-يوق؟

4. بېقىندى جۈملە ئىگە بولۇپ كېلىدىغان، it قۇرۇلمىلىق جۈملىلەر ئىچىدە كۆپ ئۇچرايدىغانلىرى تۆۋەندىكىچە:

(1) It is a pity (a shame, a fact, an honour, a wonder, a good thing, good news, no wonder, a deplorable thing, etc.) that...

(2) It is lucky (strange, natural, surprising, obvious, true, fortunate, good, wonderful, funny, ridiculous, possible, unusual, etc.) that...

(3) It is said (reported, rumoured, arranged, decided, etc.) that...

(4) It is doubtful (not known, not decided, not made clear, to be found out, to be argued, to be discussed, a mystery, a great day, high time, etc.) باغلىغۇچى ئالماش ياكى رەۋىش قوزغاتقۇچى قىلىنىدىغان بېقىندى جۈملە.

# 14 - جۈملە شەكلى

| | It+be | adj./n. | for+n./pron. | to do (phrase) |
|---|---|---|---|---|
| 1 | *It was* | *hard* | *for him* | *to live on his small pension.* |
| 2 | *Is it* | *easy* | *for a rich widow* | *to find a handsome husband?* |
| 3 | *It was* | *unusual* | *for a Victorian lady* | *to earn her own living.* |
| 4 | *It's* | *no uncommon thing* | *for her husband* | *to be away for weeks at a time.* |
| 5 | *It was* | *the rule* | *for men and women* | *to sit apart.* |
| 6 | *It'll be* | *quite all right* | *for you* | *to leave early.* |
| 7 | *It's* | *impossible* | *for there* | *to be a happier family.* |
| 8 | *Isn't it* | *more reasonable* | *for young people* | *to wear what they like?* |
| 9 | *It's* | *difficult* | *for anyone* | *to be angry with her.* |

【تەرجىمىسى】

1. ئۇ ئازراقلا پېنسىيە پۇلىغا تايىنىپ ياشاش تولىمۇ تەس ئىش.

2. پۇلدار تۇل خوتۇنلارنىڭ كېلىشكەن ئەرنى تېپىشى ئاسانمۇ؟

3. ۋىكتورىيە دەۋرىدە بىر ئايال كىشىنىڭ ئۆزى پۇل تېپىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تۇرمۇشنى قامدىشى ئادەتتىكى ئىش ئەمەس ئىدى.
4. ئۇنىڭ ئېرىنىڭ بىر نەچچە ھەپتە يوقاپ كېتىشى ئادەتتىكى ئىش.
5. ئەر-ئايالنىڭ ئايرىلىپ ئولتۇرۇشى قائىدە.
6. سىزنىڭ بالدۇرراق كەتكىنىڭىزنىڭ خاتاسى يوق.
7. بۇ يەردە بولاردىنمۇ بەكرەك بەختلىك ئائىلە يوق.
8. ياشلارنىڭ قانداق كىيىم كىيىشنى ياخشى كۆرسە شۇنداق كىيىنىشى ئەقىلغا مۇۋاپىق ئەمەسما؟
9. ھەر قانداق ئادەم ئۇنىڭغا ئاچچىقلانمايدۇ.

**【تەھلىل】**

1. جۈملە شەكلىدىكى پېئىلنىڭ ئېنىقسىز شەكلى ئىپادىلەنگەن ئىش-ھەرىكەتنىڭ ئىگىسى، شۇ پېئىلنىڭ ئېنىقسىز شەكلىنىڭ ئالدىدىكى for بىلەن كەلگەن سۆز بىرىكمىسى تەركىبىدىكى لوگىكىلىق ئىگە بولىدۇ.

2. ئەمما بىر قىسىم، kind, good, nice, wise, unwise, clever, silly, wrong, right, foolish, stupid, ca reless, considerate, nude, naughty, impolite قاتارلىقلار كېسىم خەۋەر بولۇپ كەلگەندە پېئىلنىڭ ئېنىقسىز شەكلىنىڭ ئالدىغا دائىم of قوزغاتقۇچى قىلىنغان سۆز بىرىكمىسى كېلىپ، پېئىلنىڭ ئېنىقسىز شەكلى ئىپادىلەنگەن ئىگىنىڭ ئىش-ھەرىكىتىنى ياكى ھەرىكەت ئەھۋالىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

(1) It's kind of you to think so much of us.
بىزنىڭ ئىشلىرىمىز توغرىلىق ئويلانغانلىقىڭىزغا كۆپ رەھمەت.

(2) It's very nice of you to be so considerate.
سىلەرنىڭ مۇشۇنداق ئەتراپلىق ئويلىغانلىقىڭلار ناھايىتى ياخشى بوپتۇ.

(3) It's unwise of them to turn down the proposal.
ئۇلارنىڭ بۇ تەكلىپنى ئىشلىتىشنى رەت قىلىشى تولىمۇ ئەقىلسىزلىك بوپتۇ.

## 15 - جۈملە شەكلى

| | S | vi |
|---|---|---|
| 1 | *We all* | *breathe, drink and eat.* |
| 2 | *the sun* | *was shining.* |
| 3 | *The moon* | *rose.* |
| 4 | *It* | *was raining.* |
| 5 | *That* | *will do.* |
| 6 | *Who* | *cares?* |
| 7 | *A period of political unrest* | *followed.* |
| 8 | *Everything* | *fits.* |
| 9 | *The car* | *won't start.* |
| 10 | *Whether we start now or later* | *doesn't matter.* |

**【تەرجىمىسى】**

1. ھەممىمىز نەپەسلىنىمىز، سۇ ئىچىمىز، تاماق يەيمىز.
2. قۇياش چاقناۋاتىدۇ.
3. ئاي كۆتۈرۈلدى.
4. يامغۇر يېغىۋاتىدۇ.
5. مۇشۇنداق قىلسا بولىدۇ.
6. كىم خەۋەر ئالىدۇ؟
7. سىياسەت تىنچسىز مەزگىللەر كەينى-كەينىدىن يېتىپ كەلمەكتە.
8. ھەر بىر ئىشنىڭ دەل جايىدا بولغىنى ياخشى.
9. بۇ ماشىنا قوزغالمىدى.

10. بىز هازىر يولغا چىقايلى ياكى كېيىنراق يولغا چىقايلى، چوڭ مەسىلە يوق.

【تەھلىل】

1. بۇ جۈملە شەكلى: «ئىگە+ ئۆتۈمسىز پېئىل» شەكلىدە كەلگەن بولۇپ، بۇ تۈردىكى پېئىللارغا تولدۇرغۇچى قوشۇلمىسىمۇ، تولۇق ئاياغلاشقان ئوي-پىكرىنى ئىپادىلەيدۇ. مۇتلەق ئۆتۈمسىز پېئىل دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

2. بۇ خىل جۈملە شەكلىنىڭ ئىگىسى ئىسىم، ئالماش، سۆز بىرىكمىسى، پېئىلنىڭ ئېنىقسىز شەكلى، ھەتتا بېقىندى جۈملە بولسىمۇ بولىۋېرىدۇ.

3. بىر قىسىم پېئىللار ھەم ئۆتۈملۈك ھەم ئۆتۈمسىز پېئىلغا تەۋە بولۇپ، ئىشلىتىلىش ئورۇنلىرى ئوخشاش بولمايدۇ. مەنىلىرى بىر-بىرىدىن پەرقلىنىدۇ. مەسىلەن:

Who spread the rumour? (ئۆتۈملۈك پېئىل)
بۇ سۆز-چۆچەكنى كىم تارقاتتى؟
The rumour soon spread all over the city.. (ئۆتۈمسىز پېئىل)
بۇ سۆز-چۆچەك ناھايىتى تېزلا پۈتۈن شەھەرگە تارقىلىپ كەتتى.

What do you think of it? (ئۆتۈملۈك پېئىل)
سىز بۇ ئىشقا قانداق قارايسىز.
We often think of you (ئۆتۈمسىز پېئىل)
بىز دائىم سىزنى ئەسلەيمىز.

# 16 - جۈملە شەكلى

| | There+vi | S |
|---|---|---|
| 1 | *There followed* | *a long period of peace and prosperity.* |
| 2 | *At a later stage there arose* | *new problems which seemed insoluble.* |
| 3 | *There comes* | *a time when we feel we must sake a protest.* |
| 4 | *Later there developed* | *a demand for new and improved methods.* |
| 5 | *There entered* | *a strange little man.* |

**【تەرجىمىسى】**

1. شۇندىن كېيىن ئۇزاق مۇددەتلىك تىنچلىق ۋە گۈللىنىش بارلىققا كەلدى.

2. ئەڭ ئاخىرقى باسقۇچتا ھەل قىلىش تەس بولغان يېڭى مەسىلىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

3. يېقىندا بۇ يېڭى ھەم ئۆزگەرتىلگەن ئۇسۇلنىڭ ئېھتىياجى بايقالدى.

5. بىر غەلىتە پاكار ئادەم كىرىپ كەلدى.

**【تەھلىل】**

1. بۇ خىل جۈملە شەكلى بولسا there دىن باشلانغان جۈملە شەكلىدۇر.

2. there نىڭ كەينىدىكى باغلىغۇچى پېئىل be نى چىقىرىۋەتكەندىن كېيىن، there نىڭ كەينىگە يەنە ئولتۇراقلىشىش، ئورۇنلىشىش، يېتىپ كېلىش قاتارلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مەنىدىكى بەزى پېئىللارنى قوشۇشقا بولىدۇ. لېكىن قوشۇلغان تەركىبلەر كەينىدىكى ئىگە ۋە ئىگىنىڭ سان شەكلى بىلەن بىردەك بولۇشى كېرەك. بۇ خىل سۆزلەرنىڭ كۆپرەك قوللىنىلىدىغانلىرىدىن: lie, live, come, enter, stand, occur, arise, follow قاتارلىقلار بار.

## 17 - جۈملە شەكلى

| | It+vi | S(clause/to do phrase) |
|---|---|---|
| 1 | *Does it matter* | *when we start?* |
| 2 | *It does not matter* | *whether we start now or later.* |
| 3 | *It only remains* | *to wish you both happiness.* |
| 4 | *It only remains* | *for me to thank all those who have helped to make this reunion such a happy occasion.* |
| 5 | *It wouldn't have done* | *to turn down his request.* |

**【تەرجىمىسى】**

1. قاچان باشلىشىمىز بىلەن مۇناسىۋىتى بارمۇ؟

2. بىز هازىر باشلىساقمۇ، سەل تۇرۇپ باشلىساقمۇ كېرەك يوق.

3. قالغان ئىشلاردا هەر ئىككىڭلارغا بەخت يار بولسۇن.

4. ئەڭ ئاخىرىدا دەيدىغىنىم بۇ قېتىمقى يىغىلىشنى قىزىتىپ، كۆڭۈللۈك مىنۇتلارغا ئايلاندۇرغان كىشىلەرگە كۆپ رەھمەت.

5. ئۇنىڭ تەلىپى رەت قىلىنماسلىقى كېرەك ئىدى.

**【تەهلىل】**

1. بۇ جۈملە شەكلىدىكى it بولسا شەكىل جەهەتتىكى ئىگە. ھەقىقي ئىگە بولسا جۈملە ئاخىرىدىكى ئىگە بېقىندى جۈملە ياكى

پېئىلنىڭ ئېنىقسىز شەكلى. ئۇ يەنىلا ئۆتۈمسىز پېئىل خەۋەر بولۇپ كەلگەن، تولدۇرغۇچىسىز جۈملىدۇر.

2. 1-، 2-مىسال جۈملىنىڭ ھەر ئىككىسىدە بېقىندى جۈملە ئىگە بولغان، 3-، 4-، 5-جۈملىدە بولسا پېئىلنىڭ ئېنىقسىز شەكلى ئىگە بولغان، پەقەت 4-مىسال جۈملىدىلا پېئىلنىڭ ئېنىقسىز شەكلى ھەقىقىي لوگىكىلىق ئىگە بولغان.

## 18 - جۈملە شەكلى

| | **It+vi** | **S(that—clause)** |
|---|---|---|
| 1 | *It would seem* | *(that) the rumours have some truth in them.* |
| 2 | *It seemed* | *(that) the day would never end.* |
| 3 | *It seems* | *(that) the socialists will be elected.* |
| 4 | *It appears* | *(that) the plane did not land at Rome.* |
| 5 | *It seems (to me)* | *(that) you're not really interested.* |
| 6 | *It (so) happened* | *that I was not in London at the time.* |
| 7 | *It (so) chanced* | *that we weren't in when she called.* |
| 8 | *It doesn't follow* | *that he's blame.* |

【تەرجىمىسى】

1. بۇ ئويدۇرۇلغان گەپلەردە مەلۇم ھەقىقەت باردەك قىلىدۇ.
2. قارىغاندا بۇ كۈنلەر مەڭگۈ ئاخىرلاشمىغۇدەك.
3. قارىغاندا سوتسىيالىزمچىلار سايلانغۇدەك.
4. ئايرۇپىلان رىم ئايرودرومىغا قونمىغاندەك قىلىدۇ.
5. مېنىڭچە سىز راستىنلا قىزىقمىدىڭىز.
6. دەل شۇ ۋاقىتتا مەن لوندوندا ئەمەس ئىدىم.
7. ئۇ زىيارەت قىلغىلى كەلگەندە بىز ئۆيدە يوق ئىدۇق.
8. بۇ ئۇنى ئەيىبلىگەنلىك ئەمەس.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

【تەھلىل】

1. بۇ جۈملە شەكلىدىكى It seems that (قارىماققا)، It happens that (ئۇچراش، يولۇقۇش)، It chances that (ئۇچراش، يولۇقۇش)، It appears that (قارىماققا. . .) لارنىڭ ھەممىسىدە it شەكىل جەھەتتىكى ئىگە بولۇپ، that بىقىندى جۈملە ھەقىقىي ئىگىدۇر.

2. ~ It seems that نى ~ It seems as if ھالىتىدە ئىشلىتىشكىمۇ بولىدۇ. مەسىلەن:

It seems as if a typhoon is coming.

قارىغاندا تەيفىڭ بورىنى چىقىدىغاندەك قىلىدۇ.

3. It seems (looks) as if نىڭ كەينىدىكى بېقىندى جۈملە ئادەتتە پەرەز، مۆلچەرنى بىلدۈرىدىغان بولۇپ، بەزىدە بايان ئىنتوناتسىيىسىدە كېلىپ، سۆزلىگۈچى ھەقىقەت بولۇپ قېلىشنى مۇمكىن دېگەن ئىشنى ئىپادىلەيدۇ.

## 19 - جۈملە شەكلى

| | S+vi | (for)+adverbial adjunct |
|---|---|---|
| 1 | *We walked* | *(for) ten miles.* |
| 2 | *He has travelled* | *thousands of miles.* |
| 3 | *They had come/gone* | *a long way.* |
| 4 | *The forests stretch* | *(for) hundreds of miles.* |
| 5 | *He jumped* | *three metres.* |
| 6 | *The meeting lasted* | *two hours.* |
| 7 | *The play ran* | *(for) more than three years.* |
| 8 | *We waited* | *(for) half an hour.* |
| 9 | *Won't you stay* | *(for) the night?* |
| 10 | *The flowers cost (me)* | *sixty pence.* |

جەدۋەلنىڭ داۋامى

| | | |
|---|---|---|
| 11 | *This box weighs* | *four kilos* |
| 12 | *The thermometer rose* | *nine degrees.* |
| 13 | *The temperature fell* | *several degrees.* |
| 14 | *a little kindness goes* | *a long way.* |
| 15 | *Tuning the piano took (him)* | *three hours.* |
| 16 | *The top of the desk measure* | *one metre by two metres.* |
| 17 | *My watch loses* | *two minutes a day.* |
| 18 | *Will our stock of coal last (us)* | *the winter?* |

【تەرجىمىسى】

1. بىز 10 چاقىرىم ماڭدۇق.
2. ئۇ نەچچە مىڭ چاقىرىم ساياھەت قىلدى.
3. ئۇلار نۇرغۇن يوللارنى باستى.
4. بۇ ئورمانلىق نەچچە يۈز چاقىرىمغا سوزۇلغان.
5. ئۇ ئۈچ مېتىرغا سەكرىدى.
6. يىغىن ئىككى سائەت داۋاملاشتى.
7. بۇ ئويۇن ئۈچ يىلدىن كۆپرەك تەكرار ئوينالدى.
8. مەن يېرىم سائەت ساقلىدىم.
9. قونۇپ قالامسىز؟
10. مەن بۇ گۈل ئۈچۈن 6 پېنس خەجلىدىم.
11. بۇ ساندۇقنىڭ ئېغىرلىقى 4 كىلوگرام.
12. تېرمومېتىر 9 سىلتسىيە گرادۇسقا چىقىپتۇ.
13. تېمپېراتۇرا نەچچە گرادۇس تۆۋەنلىدى.
14. كىچىككىنە ياخشىلىقنىڭ نۇرغۇن ياردىمى بولىدۇ.
15. ئۇ پىئانىنونى تەڭشەشكە ئۈچ سائەت ۋاقىت سەرپ قىلدى.
16. ئىكراننىڭ كەڭلىكى بىر مېتىر، ئۇزۇنلۇقى ئىككى مېتىر.
17. سائىتىم كۈنگە ئىككى مىنۇت ئاستىلاپ قاپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

18. كۆمۈرىمىز قىشچە يېتەمدۇ؟

【تەھلىل】

1. بۇ جۈملە شەكلى بولسا: «ئىگە+ ئۆتۈمسىز پېئىل + (for) ھالەت» شەكلىدە كەلگەن.

2. بۇ تۈردىكى ئۆتۈمسىز پېئىللاردىن دائىم ئۇچرايدىغانلىرى: walk, last, travel, come, go, stretch, run, wait, weigh, stay, fall, rise, lose, take, measure, cost قاتارلىقلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ كەينىدە كەلگەن ئىسىملار تولدۇرغۇچى بولماستىن، ھالەت بولۇپ كېلىدۇ.

## 20 - جۈملە شەكلى

| | S+vi | adverbial adjunct |
|---|---|---|
| 1 | *My hat blew* | *off.* |
| 2 | *Go* | *away!* |
| 3 | *Won't you sit* | *down?* |
| 4 | *Pleast come* | *in.* |
| 5 | *We must turn* | *back.* |
| 6 | *Go on.I'll soon catch* | *up with you.* |
| 7 | *It's getting* | *on for midnight.* |
| 8 | *He looked* | *up from his book.* |
| 9 | *Don't turn* | *aside from your chosen path.* |
| 10 | *I must push* | *on with my work.* |
| 11 | *She went* | *upstairs.* |
| 12 | *We didn't go* | *anywhere last week.* |
| 13 | *The toys were lying* | *all over the floor.* |
| 14 | *We talked* | *face to face.* |
| 15 | *I shall go* | *by train/car/on foot.* |
| 16 | *He backed* | *into/out of the garage.* |
| 17 | *Consumption averaged* | *out at 200 gallons a day.* |
| 18 | *They were fighting* | *tooth and nail.* |

【تەرجىمىسى】

1. مېنىڭ شەپكەم ئۇچۇپ كەتتى.

2. نېرى تۇر.

3. ئولتۇرمامسىز؟

4. كىرىڭ.

5. بىز قايتىپ كېتىشىمىز لازىم.

6. ماڭغاچ تۇرۇڭ، مەن ناھايىتى تېزلا سىزگە يېتىشىۋالىمەن.

7. يېرىم كېچە بولاي دېدى.

8. ئۇ كىتابتىن ئىزدىدى.

9. سىز ئۆزىڭىز تاللىغان يولدىن قايتماڭ.

10. مەن چوقۇم تىرىشىپ ئىشلىشىم كېرەك.

11. ئۇ ئۇستۇنكى قەۋەتكە چىقىپ كەتتى.

12. ئالدىنقى ھەپتە بىز ھېچ يەرگە بارمىدۇق.

13. بۇ ئويۇنچۇقلار پولنى بىر ئاپتو.

14. بىز يۈزتۇرانە پاراڭلىشايلى.

15. ئۇ پويىزغا ئولتۇرۇپ/ ماشىنىغا چىقىپ/ پىيادە/ كەتتى.

16. ئۇ ماشىنىنى ئىسكىلاتتىن قايتۇرۇپ چىقتى/ ئىسكىلاتقا ئېلىپ كىردى.

17. ھەر كۈنى 200 گالۇن ماي سەرپ قىلىنىدۇ.

18. ئۇلار جان تىكىپ كۈرەش قىلدى.

【تەھلىل】

1. بۇ جۈملە شەكلى: «ئىگە+ئۆتۈمسىز پېئىل+ھالەت» شەكلىدە بولۇپ، ھالەت رەۋىشلەرگە ئالدى قوشۇلغۇچىلۇق سۆز بىرىكمىلىرىنى قوشۇش، رەۋىش، ئالدى قوشۇلغۇچىلۇق سۆز بىرىكمىسى، باغلىغۇچىلار ئارقىلىق باغلىنىپ كەلگەن ئىككى تەڭداش سۆز ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن. ۋاقىت، ھالەت، ئورۇن

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

شەكلىنى ئىپادىلەيدۇ.

2. بىر قىسىم رەۋىشلەر يەنە ئالدى قوشۇلغۇچى بولۇپمۇ كېلىدۇ. مەسىلەن: off, down, above, away, over, beyond, around, before, up, in, along, near, on, out, past قاتارلىقلار. تولدۇرغۇچى بار چاغدا ئالدى قوشۇلغۇچى بولمىسا رەۋىش بولىدۇ.

Come in, please. كىرىڭ.

They live in the next room.

ئۇلار ياندىكى ئۆيدە ئولتۇرىدۇ.

## 21 - جۈملە شەكلى

| | S+vi | to do (phrase) |
|---|---|---|
| 1 | *We stopped* | *to have a rest.* |
| 2 | *We went* | *to hear the concert.* |
| 3 | *He got up* | *to answer the phone.* |
| 4 | *She stood up* | *to see better.* |
| 5 | *Someone has called* | *to see you.* |
| 6 | *They ran* | *to help the injured man.* |
| 7 | *I come* | *to bury Caesar, not to praise him.* |
| 8 | *He came* | *to see that he was mistaken.* |
| 9 | *He turned* | *to see the sun setting.* |
| 10 | *The drunken man awoke* | *to find himself in a ditch.* |
| 11 | *The good old days have gone* | *never to return.* |
| 12 | *Electronic music has come* | *to stay.* |
| 13 | *He glanced up* | *to see the door slowly opening.* |
| 14 | *They agreed* | *not to oppose my plan.* |
| 15 | *She was longing* | *to see her family again.* |
| 16 | *Would you care* | *to go/come for a walk with me?* |
| 17 | *Harry aims* | *to become a computer expert.* |
| 18 | *Will she consent/agree* | *to marry him?* |

【تەرجىمىسى】

1. بىز توختاپ بىردەم ئارام ئالايلى.

2. بىز مۇزىكا كېچىلىكىگە بارىمىز.

3. ئۇ دەرھاللا تېلېفوننى ئالدى.

4. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ تېخىمۇ ئېنىقراق كۆرمەكچى بولدى.

5. بىرى سىز بىلەن كۆرۈشكىلى كەپتۇ.

6. ئۇلار يۈگۈرۈپ كېلىپ يارىلانغان كىشىگە ياردەم قىلدى.

7. مېنىڭ قەيسەرنى دەپنە قىلىشتىكى مەقسىتىم پەقەت ئۇنى ماختاش ئۈچۈنلا ئەمەس.

8. ئۇ ئۇنىڭ خاتا قىلغانلىقىنى بىلدى.

9. ئۇ ئۆرۈلۈپ قۇياشنىڭ ئولتۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆردى.

10. مەس مەستلىكتىن يېشىلگەندە ئۆزىنىڭ بىر ئازگالدا ياتقانلىقىنى بىلدى.

11. ئۆتمۈشتىكى ياخشى كۈنلەر ھەرگىزمۇ قايتىپ كەلمەيدۇ.

12. ئېلېكترونلۇق مۇزىكا ساقلىنىپ قالدى.

13. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ ئىشىكنىڭ ئاستا-ئاستا ئېچىلغانلىقىنى كۆردى.

14. ئۇ مېنىڭ پىلانىمغا قارشى چىقماسلىقىقا قوشۇلدى.

15. ئۇ ئۆيدىكىلەرنى كۆرۈشنى ئۈمىد قىلىدۇ.

17. خاررى كومپيۇتېر مۇتەخەسسىسى بولماقچى.

18. ئۇ ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىشقا قوشۇلامدۇ؟

【تەھلىل】

1. بۇ خىل جۈملە شەكلى: ئىگە+ئۆتۈمسىز پېئىل+پېئىلنىڭ ئېنىقسىز شەكلى (سۆز بىرىكمىسى).

2. جۈملە شەكلىدىكى پېئىلنىڭ ئېنىقسىز شەكلى (سۆز

بىرىكمىسى) ھالەت بولۇپ خەۋەر بولغان پېئىلنى ئېنىقلاپ كېلىدۇ. مەقسەت، سەۋەب، نەتىجىنى بىلدۈرىدۇ.

## 22 - جۈملە شەكلى

| | S+vi | adj. |
|---|---|---|
| 1 | *The leaves are turning* | *brown.* |
| 2 | *Don't get* | *angry.* |
| 3 | *He's growing* | *old.* |
| 4 | *Her dreams have come* | *true.* |
| 5 | *The meat has gone* | *bad.* |
| 6 | *The milk turned* | *sour.* |
| 7 | *The well has run* | *dry.* |
| 8 | *She fell* | *ill.* |
| 9 | *The position of headmaster has fallen* | *vacant.* |
| 10 | *His jokes are becoming* | *boring.* |
| 11 | *The material is wearing* | *thin.* |

**【تەرجىمىسى】**

1. يوپۇرماقلار سارغايدى.
2. ئاچچىقلانماڭ!
3. ئۇ ياشىنىپ قالدى.
4. ئۇنىڭ چۈشى رېئاللىققا ئايلاندى.
5. گۆش پۇراپ قاپتۇ.
6. سۈت ئېچىپ قاپتۇ.
7. قۇدۇق قۇرۇپ كېتىپتۇ.
8. ئۇ ئاغرىپ قاپتۇ.
9. مەكتەپ مۇدىرىنىڭ ئورنى بوش قالدى.
10. ئۇنىڭ چاقچىقى ئادەمنى زېرىكتۈردى.

11. كېيىملەر كۈندىن كۈنگە نىپىزلىمەكتە.

【تەھلىل】

1. بۇ جۈملە شەكلى: «ئىگە+ئۆتۈمسىز پېئىل+سۈپەت» شەكلىدە بولۇپ، جۈملىدىكى ئۆتۈمسىز پېئىل مۇناسىۋەت پېئىلى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ كەينىگە ئەگىشىپ كېلىدىغان سۈپەت دائىم كېسىم خەۋەر بولىدۇ.

2. جۈملە شەكلىدىكى turn, get, grow, come, run, fall, become, wear قاتارلىقلار become دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇنىڭ ئاخىرىدا كېلىدىغان سۈپەت تولۇقلاش رولىنى ئۆتەپ، بىر خىل ھالەتنىڭ يەنە بىر خىل ھالەتكە ئۆزگەرگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

3. ئادەتتىكى ۋاقىتتا بۇ خىل قۇرۇلما ئىشلىتىلگەندە ئۇلارنىڭ ماسلىشىشچانلىقىغا چوقۇم دىققەت قىلىش كېرەك. مەسىلەن: بەزى ئۆتۈمسىز پېئىللار پەقەت بەزى سۈپەتلەر بىلەن بىللە كېلەلەيدۇ. مەسىلەن fall دېگەن سۆز fall sick, fall asleep, fall ill, fall short, fall flat, fall silent شەكلىدە بىللە كېلەلەيدۇ.

## 23 - جۈملە شەكلى

| | S+vi | adj. |
|---|---|---|
| 1 | *The dinner smells* | *good.* |
| 2 | *These roses do smell* | *sweet!* |
| 3 | *Silk feels* | *soft and smooth.* |
| 4 | *The pheasant tasted* | *delicious.* |
| 5 | *This medicine tastes* | *horrible.* |

【تەرجىمىسى】

1. كەچلىك تاماق ئوخشاپتۇ.

www.uyghurkitap.com

2. بۇ ئەتىرگۈللەر بەك خۇش پۇراق.
3. يىپەك بولسا يىپىشقاق ھەم سىلىق.
4. توخۇ گۆشى بەك يېپىشلىك.
5. بۇ دورىنى ئىچىش بەك تەس.

**【تەھلىل】**

1. جۈملە شەكلى ئوخشاشلا: «ئىگە+ ئۆتۈمسىز پېئىل (مۇناسىۋەت پېئىلى) +سۈپەت بولىدىغان كېسىم خەۋەر» شەكلىدە كەلگەن.

2. بۇ جۈملە شەكلىدىكى smell, taste, feel قاتارلىقلار بىر خىل سەزگۈنى ئىپادىلەيدىغان پېئىللار بولۇپ، ئۇلارنىڭ كەينىگە سۈپەتلەرنى قويۇش ئارقىلىق ئىگىنىڭ ئالاھىدىلىكى ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

سىزنىڭ شورپىڭىز بەك ئوخشاپتۇ.

Your soup tastes delicious.

بۇ جۈملىدىكى tastes delicious بولسا soup نىڭ بىر خىل ئالاھىدىلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

## 24 - جۈملە شەكلى

| | S+vi | adj. |
|---|---|---|
| 1 | *She married* | *young.* |
| 2 | *Please keep* | *quiet.* |
| 3 | *Do lie/stand/sit* | *still!* |
| 4 | *You're looking* | *lovely.* |
| 5 | *Everything looks/appears* | *different.* |
| 6 | *The door blew* | *open.* |
| 7 | *The weather continued* | *fine.* |
| 8 | *He remained* | *silent.* |

| | | |
|---|---|---|
| 9 | *One of the tigers broke* | *loose.* |
| 10 | *The coin rang* | *true/false.* |
| 11 | *It turned out* | *right.* |
| 12 | *This method proved* | *efficient.* |

**【تەرجىمىسى】**

1. ئۇ بۇرۇنلا توي قىلغان ئىدى.
2. جىمجىتلىقنى ساقلاڭ!
3. جىم يېتىڭ/ تۇرۇڭ/ ئولتۇرۇڭ!
4. بەك ئوماقكەنسىز.
5. ھەر قانداق ئىش قارىماققا ئوخشاش بولمايدۇ.
6. ئىشىك شامالدا ئېچىۋېتىلدى.
7. ھاۋا ئىزچىل ياخشى بولدى.
8. ئۇ سۈكۈت قىلدى.
9. بىر يولۋاس قېچىپ كەتتى.
10. بۇ تەڭگىنىڭ ئاۋازى بەك جاراڭلىق/ جاراڭسىز.
11. نەتىجىسى توغرا.
12. بۇ خىل ئۇسۇلنىڭ ئۈنۈمى بارلىقى ئىسپاتلاندى.

**【تەھلىل】**

1. جۈملە شەكلىدىكى marry, keep, lie, stand, sit, look, appear, blow, continue, break, remain, ring, tum out, prove قاتارلىقلار ئۆتۈمسىز پېئىل (مۇناسىۋەت پېئىللىرى) بولۇپ، ئارقىغا كېسىم خەۋەر قوشۇلۇپ بىر خىل ساپ ھالەتنى ئىپادىلەيدۇ ياكى «مەلۇم ھالەتنى ساقلاش» مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر تورى

# 25 - جۈملە شەكلى

| | S+vi | done |
|---|---|---|
| 1 | *You look* | *tired.* |
| 2 | *How did they become* | *acquainted?* |
| 3 | *You sound* | *surprised.* |
| 4 | *She looked* | *delighted/annoyed.* |
| 5 | *He appeared* | *perplexed.* |
| 6 | *Please stay* | *seated* |
| 7 | *She appeared* | *quite touched.* |

**【تەرجىمىسى】**

1. سىز بەك ھارغىن چىراي بوپ كېتىپسىز.
2. ئۇلار قانداق تونۇشقان؟
3. قارىماققا سىز ھەيران قالدىڭىزمۇ-قانداق؟
4. ئۇ قارىماققا بەك خۇشال/بىئارام كۆرۈندۇ.
5. ئۇ قارىماققا بەك ھارغىن چىراي كۆرۈندۇ.
6. ئورنۇڭلاردىن تۇرماڭلار! (قوزغالماڭلار)
7. ئۇ ناھايىتى تەسىرلەنگەندەك كۆرۈنەتتى.

**【تەھلىل】**

1. بۇ جۈملە شەكلى دەل «ئىگە+ئۆتۈمسىز پېئىل+سۈپەت خاراكتېرلىك پېئىلنىڭ ئۆتكەن زامان تارماق شەكلى» بولۇپ look, become, sound, جۈملە تەركىبىدىكى ئۆتۈمسىز پېئىل appear, stay قاتارلىقلار مۇناسىۋەت پېئىللىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ كەينىگە سۈپەت خاراكتېرلىك پېئىلنىڭ ئۆتكەن زامان تارماق شەكلى كەسمە خەۋەر بولۇپ، ئىگىنىڭ بىر خىل ھالىتىنى ئىپادىلىگەن.

## 26 - جۈملە شەكلى

| | It+seem/appear | adj./n. | to do/doing/clause |
|---|---|---|---|
| 1 | *It seems* | *pointless* | *to discuss farther.* |
| 2 | *It seems* | *a pity* | *to waste time.* |
| 3 | *It appears* | *unlikely* | *that we shall arrive at the station before ten.* |
| 4 | *It doesn't seem* | *much use* | *going on.* |
| 5 | *It seems* | *wise* | *not to say.* |

**【تەرجىمىسى】**

1. تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇنازىرە قىلىشنىڭ ھېچقانداق پايدىسى يوق.

2. ۋاقىتنى ئىسراپ قىلىش ھەقىقەتەن ئەپسۇسلىنارلىق ئىش.

3. قارىغاندا سائەت ئوندىن بۇرۇن پويىز ئىستانسىسىغا بېرىپ بولۇش مۇمكىن ئەمەس.

4. داۋاملاشتۇرۇشنىڭ ئانچە چوڭ رولى يوق.

5. گەپ قىلماسلىق ئاقىللىقتەك تۇرىدۇ.

**【تەھلىل】**

1. جۈملە شەكلى: «جۈملە/ئىسىمداش / تۇراقسىز شەكىل + ئىسىم / سۈپەت + It+seem/appear»

2. جۈملە شەكلىدىكى It شەكىل جەھەتتىكى ئىگە بولۇپ، ھەقىقىي ئىگە كەينىدىكى پېئىلنىڭ ئېنىقسىز شەكلى /ھەرىكەتنام /جۈملىلەردۇر. جۈملە شەكلىدىكى سۈپەت كېسىم خەۋەر بولىدىغان ئىسىم ئىگىگە نىسبەتەن تولۇقلاش، چۈشەندۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

# 27 - جۈملە شەكلى

| | S+vi | reflexive noun. |
|---|---|---|
| 1 | *He died* | *a millionaire.* |
| 2 | *He lived and died* | *a bachelor.* |
| 3 | *Let us part* | *good friends.* |
| 4 | *He fell* | *(a) victim to her charms.* |
| 5 | *She will make* | *a good wife.* |
| 6 | *Peter and Eva make* | *a handsome couple.* |
| 7 | *The story of his adventures makes* | *fascinating reading.* |
| 8 | *He proved* | *a true friend.* |
| 9 | *She dosen't look* | *her age.* |
| 10 | *You're not looking* | *yourself today.* |
| 11 | *The Prime Minister* | *emerged victor from these heated debates.* |
| 12 | *On leaving school he became* | *a sailor.* |
| 13 | *It it wise for a general to turn* | *politician?* |
| 14 | *She left* | *a mother of three children.* |

【تەرجىمىسى】

1. ئۇ ئۆلگەندە مىليونېر ئىدى.
2. ئۇ بىر ئۆمۈر بويتاق ئۆتتى.
3. ياخشى دوستلاردىن بولۇشقا نىيەت قىلسۇن.
4. ئۇ ئۇنىڭ گۈزەللىكىگە مەپتۇن بولۇپ قالدى.
5. ئۇ بىر ياخشى ئايال بولالايدۇ.
6. پېتىر بىلەن ھاۋا بىر جۈپ قاملاشقان ئەر-خوتۇنلار ئىدى.

7. ئۇنىڭ خەتەرلىك ھېكايىسى بولسا كىشىلەر قىزىقىدىغان ئوقۇشلۇق.
8. ئۇ بىر ھەقىقىي دوست.
9. قاراپىلا ئۇنىڭ ھەقىقىي يېشىنى ئۇققىلى بولمايتتى.
10. بۈگۈن ئۆزۈڭگە ئوخشىماي قاپسەن.
11. باش مىنىستىر جىددى مۇنازىرىدىن كېيىن غەلىبە قىلدى.
12. ئۇ مەكتەپتىن ئايرىلىپ دېڭىزچى بولدى.
13. گېنېراللىقنى تاشلاپ، سىياسىيون بولۇش ئاقىلانىلىقمۇ؟
14. ئۇ ئايرىلغاندا 3 بالىنىڭ ئانىسىغا ئايلانغان ئىدى.

**【تەھلىل】**

1. جۈملە شەكلى بولسا: ئىگە + ئۆتۈمسىز پېئىل + ئىسىم خاراكتېرلىك ئالماش بولۇپ، بۇ جۈملىدىكى ئىسىم خاراكتېرلىك ئالماشنىڭ رولى كەسمە خەۋەرگە يېقىنلىشىدۇ. ئىگىنىڭ ھالەت ۋە ئالاھىدىلىكلىرىنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇقۇم نۇقتىسىدىن قارىغاندا بۇ خىل كەسمە خەۋەرلەر ھالەتلەرگە يېقىن بولۇپ، ھالەت ئورنىدا تەرجىمە قىلىنىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# 28 - جۈملە شەكلى

| | S+vi | doing(phrase) |
|---|---|---|
| 1 | *The chidren came* | *running to meet us.* |
| 2 | *The birds came* | *hopping round my window.* |
| 3 | *He came* | *hurrying to her bedside as soon as he knew she was ill.* |
| 4 | *She lay* | *smiling at me.* |
| 5 | *Do you like to go* | *dancing?* |
| 6 | *He stood* | *addressing the strikers at the factory gate.* |
| 7 | *We soon got* | *talking.* |
| 8 | *The sunshine came* | *streaming through the window.* |
| 9 | *The case looks* | *promising.* |
| 10 | *The theory souruds* | *convincing.* |

【تەرجىمىسى】

1. باللار يۈگۈرۈپ كېلىپ بىزنى قارشى ئالدى.
2. كىچىك قۇشقاچ دېرىزەمنى ئايلىنىۋاتاتتى.
3. ئۇ ئۇنىڭ كېسەللىنى بىلگەن ۋاقىتتا، ئالدىراپ-تېنەپ ئۇنىڭ قېشىغا كەلدى.
4. ئۇ ئۇ يەردە يېتىپ ماڭا كۈلۈمسىرىدى.
5. سىز تانسا ئويناشنى ياخشى كۆرەمسىز؟
6. ئۇ زاۋۇت دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ ئىش تاشلىغان ئىشچىلارغا نۇتۇق سۆزلەۋاتاتتى.
7. بىز تېزلا پاراڭغا چۈشۈپ كەتتۇق.
8. قۇياش نۇرى دېرىزىدىن چۈشۈۋاتاتتى.
9. بۇ دېلودا قارىماققا چوڭ ئۈمىد باردەك قىلىدۇ.
10. بۇ نەزەرىيە ئاڭلىماققا كىشىنى قايىل قىلىدۇ.

【تەھلىل】

1. جۈملە شەكلىدىكى ئۆتۈمسىز پېئىل come, sit, stand, get قاتارلىقلار مۇناسىۋەت پېئىللىرىغا يېقىن بولۇپ، ئۇلار جۈملىدە ئىزاھات خاراكتېرلىك ئېنىقلىغۇچى رولىنى ئوينايدۇ. ئىگىگە قارىغاندا خەۋەرنى چۈشەندۈرىدۇ.

2. بىر قىسىم گرامماتىكا تەتقىقاتچىلىرىنىڭ قارىشىچە جۈملە شەكىللىرىدىكى خەۋەر بولغۇچى پېئىلنىڭ رولى ياردەمچى پېئىلغا ئوخشاپ كېتىدىغان بولۇپ، كەينىگە ئۇلانغان تارماق سۆز خەۋەر پېئىلغا يېقىنلىشىدۇ. بىرىنچى خەۋەر پېئىلغا قارىغاندا تېخىمۇ مۇھىم بولىدۇ.

## 29 - جۈملە شەكلى

| | S+vi | prep. | n./pron./doing |
|---|---|---|---|
| 1 | *You can rely* | *on* | *me.* |
| 2 | *You can rely* | *on* | *my dicretion.* |
| 3 | *You can rely* | *on* | *my being discreet.* |
| 4 | *Can I count* | *on* | *your help?* |
| 5 | *The success of the picnic will depend* | *on* | *the weather.* |
| 6 | *He succeeded* | *in* | *solving the problem.* |
| 7 | *Do you believe* | *in* | *getting up early?* |
| 8 | *He failed* | *in* | *his attempt.* |
| 9 | *What has happened* | *to* | *them?* |
| 10 | *We must send* | *for* | *a doctor.* |

【تەرجىمىسى】

1. سىز ماڭا ئىشەنسىڭىز بولىدۇ.
2. سىز مېنىڭ ھۆكۈمۈمگە ئىشەنسىڭىز بولىدۇ.
3. سەن مېنىڭ ئېھتىياتچانلىقىمغا ئىشەنسەڭ بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

4. مەن سىزنىڭ ياردىمىڭىزگە ئېرىشسەم بولامدۇ؟
5. دالا تامىقىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشى ھاۋارايىغا مۇناسىۋەتلىك.
6. ئۇ بۇ مەسىلىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھەل قىلدى.
7. سەن سەھەر تۇرۇشنىڭ پايدىسىغا ئىشەنمەمسەن؟
8. ئۇنىڭ ئىشى مەغلۇپ بولدى.
9. ئۇلارغا نېمە ئىش بولدى؟
10. بىز دوختۇر چاقىرىشىمىز كېرەك.

**【تەھلىل】**

1. بۇ جۈملە شەكلى: ئىگە + ئۆتۈمسىز پېئىل + ئالدى قوشۇلغۇچى+ ئىسىم/ ئالماش/ ئىسىمداش ھالىتىدىكى جۈملە شەكلىدۇر.

2. بۇ جۈملە شەكلىدىكى ئۆتۈمسىز پېئىل بىلەن مەخسۇس ئالدى قوشۇلغۇچىدىن تۈزۈلگەن ماقال-تەمسىل ئۆتۈمسىز پېئىل رولىدا كېلىدۇ. مەسىلەن: rely on, believe in, count on, send for بۇلارنىڭ كەينىدە كەلگەن ئالماش، ئىسىم ياكى ئىسىمداشلار جۈملىدە تولدۇرغۇچى بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن: abide by, agree to, abound with, apologize for, ask for, gamble on, dream of, look after, look into, think of, trifle with, begin with, consist in, feel like, hear of, object to قاتارلىقلار.

# 30 - جۈملە شەكلى

| | S+vi | prep. | n./pron | to do (phrase) |
|---|---|---|---|---|
| 1 | *They advertised* | *for* | *a young girl* | *to look after the children.* |
| 2 | *We're waiting* | *for* | *our new car* | *to be delivered.* |
| 3 | *They're hoping* | *for* | *the dispute* | *to be settled.* |
| 4 | *I rely* | *on* | *you* | *to be discreet.* |
| 5 | *I'll arrange* | *for* | *a taxi* | *to meet you at the station.* |
| 6 | *Everyone was longing* | *for* | *the holidays* | *to begin.* |
| 7 | *She always wishes* | *for* | *everyone* | *to be happy.* |
| 8 | *I'll vote* | *for* | *you* | *to captain the team.* |
| 9 | *I appealed* | *to* | *the children* | *to make less noise.* |
| 10 | *She pleaded* | *with* | *me* | *to give up the plan.* |

**【تەرجىمىسى】**

1. ئۇلار كىچىك بالىغا قارايدىغان بىر ياش قىز ئىزدەش ئېلانىنى چىقاردى.

2. بىز يېڭى ماشىنىنىڭ مالنى يەتكۈزۈپ بېرىشىنى ساقلاۋاتىمىز.

4. مەن سىنىڭ ئېھتىياتچانلىقىڭغا ئىشىنىمەن.

5. مەن بېكەتكە بېرىپ سىنى ئەكېلىدىغان ماشىنا ئورۇنلاشتۇردۇم.

6. ھەممە ئادەم ئارام كۈنىنىڭ باشلىنىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ.

7. ئۇ دائىم ھەممە ئادەمنىڭ بەختلىك بولۇشى ئۈچۈن بەخت

تىلەيدۇ.

8. مەن سىزنىڭ بۇ گۇرۇپپىغا كاپىتان بولۇشۇڭ ئۈچۈن بېلەت تاشلايمەن.

9. مەن باللاردىن ۋاراڭ-چۇرۇڭ قىلماسلىقنى ئۆتۈندۇم.

10. ئۇ مېنىڭ بۇ پىلاندىن ۋازكېچىشىمنى ئۆتۈندى.

【تەھلىل】

1. بۇ جۈملە شەكلى: ئىگە+ئۆتۈمسىز پېئىل+ ئالدى قوشۇلغۇچى+ئىسىم/ ئالماش/+ پېئىلنىڭ ئېنىقسىز شەكلى (سۆز بىرىكمىسى).

2. جۈملە شەكلىدىكى «ئۆتۈمسىز پېئىل+ئالدى قوشۇلغۇچى» پېئىل خاراكتېرلىك سۆز بىرىكمىسى ھاسىل قىلىپ ئۆتۈمسىز پېئىلنىڭ رولىدا كەلگەندە ئۇلارنىڭ كەينىگە تولدۇرغۇچى قوشۇلىدۇ. تولدۇرغۇچىنىڭ كەينىگە يەنە تولدۇرغۇچى تولۇقلىغۇچى بولەك ئۇلىنىپ، تولدۇرغۇچىنى تولۇقلاش، چۈشەندۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ. بۇ جۈملىدىكى تولدۇرغۇچى تولۇقلىغۇچىنىڭ رولىنى پېئىلنىڭ ئېنىقسىز شەكلى (سۆز بىرىكمىسى) ئۈستىگە ئالىدۇ.

3. تەخمىنەن 40 دىن ئارتۇق ئۆتۈمسىز پېئىلنىڭ كەينىگە ئالاھىدە ئالدى قوشۇلغۇچى، ئۇنىڭدىن كېيىن تولدۇرغۇچى پېئىلنىڭ ئېنىقسىز شەكلى تولدۇرغۇچى تولۇقلىغۇچى بولىدۇ. يۇقىرىقى مىسال جۈملىلەردىكى ئۆتۈمسىز پېئىللاردىن باشقا يەنە تۆۋەندىكى ئۆتۈمسىز پېئىللارمۇ بار: provide for, beckon to, sign to, nod to, propose to, ask for, apply to, gesture for, arrange for, fix for, wait for قاتارلىقلار.

# 31 - جۈملە شەكلى

| | S+vi | (prep.+it) | clause |
|---|---|---|---|
| 1 | *He insists* | | *that he was nowhere near the scene of the crime.* |
| 2 | *I agree* | | *that it was a mistake.* |
| 3 | *He complained* | | *that he had been underpaid.* |
| 4 | *He boasted* | | *that he had never had a serious illness.* |
| 5 | *We'll see* | (*to it*) | *that she gets home early.* |
| 6 | *Can you swear* | (*to it*) | *that the accused man was at your house that evening?* |
| 7 | *You may depend* | (*upon it*) | *that the newspaper accounts are exaggerated.* |
| 8 | *I'll answer* | (*for it*) | *that this man is honest.* |
| 9 | *Have you decided* | (*on*) | *where you'll spend your holidays?* |
| 10 | *Who cares* | | *what the neighbours might say?* |
| 11 | *I'm worried* | (*about*) | *how the money was spent.* |
| 12 | *Just look* | (*at*) | *what you've done!* |

【تەرجىمىسى】

1. ئۇ ئۆزىنىڭ جىنايەت يۈز بەرگەن نەق مەيداننىڭ يېقىن ئەتراپىدا يوقلۇقىدا چىڭ تۇرۇۋالدى.

2. مەن بۇنىڭ بىر خاتالىق ئىكەنلىكىگە قوشۇلىمەن.

3. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىش ھەققىنىڭ بەك تۆۋەنلىكىدىن ئاغرىندى.

4. ئۇ ئۆزىنىڭ ئەزەلدىن كېسەل بولۇپ باقمىغانلىقى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

توغرىسىدا پو ئاتتى.
5. بىز ئۇنىڭ ئۆيىگە بالدۇرراق كېلىشنى كۈتتۇق.
6. سىز جاۋابكارنىڭ ئاشۇ ۋاقىتتا سىزنىڭ ئۆيىڭىزدە ئىكەنلىكىگە قەسەم قىلالامسىز؟
7. سىز گېزىتتىكى خەۋەرنىڭ كۆپتۇرۇۋېتىلگەنلىكىگە ھەقىقىي ئىشەنسىڭىز بولىدۇ.
8. مەن بۇ كىشىنىڭ سەمىمىي ئادەم ئىكەنلىكىگە كېپىل بولالايمەن (كاپالەتلىك بېرەلەيمەن).
9. سىز ئارام كۈنلىرىڭىزنى قەيەردە ئۆتكۈزۈشنى قارار قىلدىڭىز؟
10. كىممۇ قوشنىسىنىڭ نېمىلەرنى دەۋاتقانلىقىغا پەرۋا قىلسۇن.
11. مەن بۇ پۇلنى قانداق خەجلەش توغرىسىدا ئويلىنىۋاتىمەن.
12. قارا، سەن نېمە ئىشلارنى قىلدىڭ؟

**【تەھلىل】**

1. بۇ جۈملىدە «ئىگە+ئۆتۈمسىز پېئىل+(ئالدى قوشۇلغۇچى +it)+جۈملە» شەكلى قوللىنىلغان.
2. جۈملىدىكى «ئۆتۈمسىز پېئىل+ئالدى قوشۇلغۇچىلىق سۆز بىرىكمىسى» ئۆتۈملۈك پېئىل رولىنى ئوينىغان بولۇپ، ئارقىغا قوشۇلغان it تولدۇرغۇچىلىق رولىنى ئوينىغان. ئەمما that بىلەن كەلگەن جۈملىدە ئورۇنداش سۆز بولغان. مەسىلەن 5-، 6-، 7-، 8-مىسالدىكى جۈملىلەر.
3. جۈملىدىكى ئۆتۈمسىز پېئىل بىلەن ئالدى قوشۇلغۇچى (دائىم چۈشۈپ قالىدۇ) ئۆتۈملۈك پېئىل خاراكتېرلىك سۆز بىرىكمىسى ھاسىل قىلغان بولۇپ، that ياكى سوئال ئالماشلىرى شەكلىدىكى بېقىندى جۈملىلەر تولدۇرغۇچى بولغان. مەسىلەن 1-10 مىسال جۈملىلەر.

## 32 - جۈملە شەكلى

| | S+seem/appear/happen/chance | to do (phrase) |
|---|---|---|
| 1 | *They seem* | *to be asleep* |
| 2 | *Xiao Hua seems* | *to be enjoying the party.* |
| 3 | *The electorate seems* | *to be swinging against Liberal.* |
| 4 | *Some sort of answer seems* | *to be expected of me.* |
| 5 | *My inquiries appear* | *to have been resented.* |
| 6 | *Some members of the Committee seem* | *to have been bribed.* |
| 7 | *I seem* | *to remember posting the letter.* |
| 8 | *He appears* | *to know this thing.* |
| 9 | *She happened* | *to be out when I called.* |
| 10 | *We chanced* | *to see the event.* |

**【تەرجىمىسى】**

1. ئۇلار ئۇخلىغاندەك قىلىدۇ.

2. شياۋخۇا قارىغاندا بۇ يىغىلىشنى ياخشى كۆرۈپ قالغاندەك قىلىدۇ.

3. سايلىغۇچىلار (لىبېرالىستلار) پارتىيىسىنى قوللىمىغاندەك قىلىدۇ.

4. بىر قىسىم سوئاللار مېنىڭ جاۋاب بېرىشىمنى كۈتىۋاتقاندەك قىلاتتى.

5. بىزنىڭ ئارقا-ئارقىدىن سوئال سورىشىمىز باشقىلارنىڭ نەپرىتىنى قوزغىغاندەك قىلاتتى.

6. قارىماققا بەزى كومىتېت ئەزالىرى پارە يېگەندەك قىلاتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

7. مەن ئۇ خەتنى سىلىقۇەتكەندەك قىلغان.
8. ئۇ قارىماققا بۇ ئىشنى بىلگەندەك قىلىدۇ.
9. مەن ئۇنى زىيارەت قىلغىلى بارغاندا، ئويلىمىغان يەردىن ئۇ ئۆيدە يوق بولۇپ قالدى.
10. بىز بۇ ھادىسىگە دۇچ كېلىپ قالدۇق.

【تەھلىل】

1. بۇ جۈملە شەكلى: « ئىگە + seem/appear/happen/chance + تۇراقسىز شەكىل (سۆز بىرىكمىسى) » .
2. جۈملە شەكلىدىكى seem، appear، happen، chance لار ئالاھىدە شەكلىدىكى ياردەمچى پېئىللار بولۇپ، كەينىدە كەلگەن پېئىلنىڭ ئېنىقسىز شەكلى بىلەن ئورتاق ھالدا خەۋەرنى تەشكىل قىلىدۇ.

## 33 - جۈملە شەكلى

| | S+be | to do (phrase) |
|---|---|---|
| 1 | *John and I are* | *to meet at the station at six o'clock.* |
| 2 | *We're* | *to be married in May.* |
| 3 | *We were* | *to have been married last year.* |
| 4 | *You are* | *not to do that again.* |
| 5 | *Such views are* | *to be criticized.* |
| 6 | *Whan am I* | *to ring you up?* |
| 7 | *We are not* | *to be cowed.* |
| 8 | *You are* | *to move out of the house right away.* |
| 9 | *These books are* | *not to be taken out of the room.* |
| 10 | *He was* | *never to see his wife and children again.* |

【تەرجىمىسى】

1. جون بىلەن مەن سائەت ئالتىدە بېكەتتە كۆرۈشمەكچى.

2. بىز بەشىنچى ئايدا توي قىلدۇق.
3. بىز ئەسلىدە بۇلتۇر توي قىلماقچى ئىدۇق.
4. بۇندىن كېيىن بۇنداق ئىش قىلماڭ.
5. بۇ خىل كۆز قاراشنى تەنقىدلەش كېرەك.
6. مەن قانداق ۋاقىتتا سىزگە تېلېفون قىلسام بولىدۇ؟
7. بىز قورقۇپ كەتمەيمىز.
8. سىز چوقۇم بۇ ئۆيدىن كۆچۈپ بولۇشىڭىز كېرەك.
9. بۇ كىتابلارنى ھەرگىز سىرتقا ئېلىپ چىقساق بولمايدۇ.
10. ئۇ ئايالى بىلەن بالىسىنى قايتا كۆرگىلى بارمىدى.

**【تەھلىل】**

1. بۇ جۈملە شەكلى ئەسلىدە: «ئىگە+be+تۇراقسىز شەكىل» دىن ئىبارەتتۇر.

2. جۈملىدىكى be ياردەمچى پېئىل بولۇپ، ئادەتتە ھېچقانداق مەنىنى ئىپادىلىمەيدۇ. لېكىن تۇراقسىز شەكىل بىلەن بىرىكىپ ئورتاق ھالدا خەۋەرنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇ چاغدا ① پىلان، ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە بولغان ئىش-ھەرىكەت ياكى قىلماقچى بولغان ئىشنى بىلدۈرىدۇ (1-، 2-مىسال جۈملە). ② چوقۇم قىلىشقا تېگىشلىك ئىشنى بىلدۈرىدۇ (4-، 5-مىسال جۈملە). ③ «يېتەرلىك تولۇق، قىلغىلى بولىدۇ» دېگەن ئىشنى بىلدۈرىدۇ (6-، 7-مىسال جۈملە). ④ چوقۇم قىلمىسا بولمايدىغان ئىشنى بىلدۈرىدۇ (8-، 9-مىسال جۈملە). ⑤ ئارقىدىكى ئىشنىڭ كەلگۈسىدە يۈز بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ، (كۆپىرەك ئۆتكەن زامان شەكلىدە ئىشلىتىلىدۇ (10-مىسال جۈملە). ⑥ be نىڭ ئۆتكەن زامان شەكلى خەۋەرنى تەشكىل قىلىپ «بۇرۇندىن پىلانلىغان» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ (3-مىسال جۈملە).

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

# 34 - جۈملە شەكلى

| | S+aux.v. | v. |
|---|---|---|
| 1 | *Do you* | *like her?* |
| 2 | *She doesn't* | *like music.* |
| 3 | *I do* | *think you are right.* |
| 4 | *We shall* | *be back tonight.* |
| 5 | *Will they* | *have anything to do tonight?* |

**【تەرجىمىسى】**

1. سىز ئۇنى ياخشى كۆرەمسىز؟
2. ئۇ مۇزىكا ئاڭلاشنى ياخشى كۆرمەيدۇ.
3. مەن سىزنىڭكىنى توغرا دەپ قارايمەن.
4. بىز بۈگۈن كەچتە قايتىپ كېلىمىز.
5. بۈگۈن كەچتە ئۇلارنىڭ قىلىدىغان ئىشى بارمۇ؟

**【تەھلىل】**

1. جۈملە شەكلى: ئىگە+ياردەمچى پېئىل+خەۋەر بولىدىغان پېئىل.

2. ئىنگلىز تىلىدىكى ياردەمچى پېئىللار بولسا: be, do, have, shall, will قاتارلىقلار. ئۇلارنىڭ ئادەتتە سۆز مەنىسى يوق. ئاساسلىقى خەۋەرنى شەكىللەندۈرۈشكە ياردەم قىلىپ كېلىپ، زامان، ئىنتوناتسىيە، ئاھاڭ قاتارلىقلارنى ئىپادىلەيدۇ ياكى سوئال جۈملە ھەمدە جۈملىنىڭ ئىنكار شەكلىنى شەكىللەندۈرىدۇ.

3. بەزى ياردەمچى پېئىللار بولسا، مەسىلەن: shall, will, should, would لارنىڭ مەلۇم مەنىسى بار. رولى تولۇق پېئىلغا يېقىنلىشىدۇ. بەزىدە ئۇنىڭ تولۇق پېئىل ياكى ياردەمچى سۆز

ئىسكەنلىكىنى ئايرىماق تەس، بەزى گرامماتىكچىلار ئۇلارنى تۇسلۇك ياردەمچى پېئىللار دەپ ئاتايدۇ.

## 35 - جۈملە شەكلى

| | S+mod.v. | do (phrase) |
|---|---|---|
| 1 | *You may* | *leave now.* |
| 2 | *You mustn't* | *do that.* |
| 3 | *Can you* | *come early?* |
| 4 | *You needn't* | *wait.* |
| 5 | *I didn't dare* | *tell you.* |
| 6 | *You should* | *be wearing a mask.* |
| 7 | *You had better* | *go at once.* |
| 8 | *I must* | *tidy up the room.* |

【تەرجىمىسى】

1. سىز هازىر ماڭسىڭىز بولىدۇ.
2. سىز ئۇ ئىشنى قىلمىسىڭىزمۇ بولىدۇ.
3. سىز بالدۇرراق كېلەلەمسىز؟
4. سىز ساقلىمىسىڭىزمۇ بولىدۇ.
5. سىزگە ئېيتىشقا پېتىنالمايمەن.
6. سىز ماسكا تاقىشىڭىز كېرەك.
7. سىز ئەڭ ياخشىسى دەرهال مېڭىڭ.
8. مەن ئۆينى چوقۇم تازىلىشىم كېرەك.

【تەھلىل】

1. بۇ جۈملە شەكلى: «ئىگە+ھېسسىيات ھالەت پېئىللىرى+ (سۆز بىرىكمىسى) to سىز تۇراقسىز شەكىل».
2. تۇسلۇك پېئىلنىڭ مەلۇم مەنىسى بار بولۇپ، باشقا پېئىللار بىلەن خەۋەر بولۇپ كېلىدۇ. ئادەتتە ئۇلارنىڭ كەينىگە

پېئىلنىڭ to ئەگەشتۈرۈپ كەلمەيدىغان ئېنىقسىز شەكلى ئۈلىنىدۇ. ئەمما oughtدىن باشقا ھەممە سۆزلەرنىڭ كەينىگە پېئىلنىڭ ئېنىقسىز شەكلى قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

We ought to help each other.

بىز ئۆزئارا ياردەم قىلىشىمىز كېرەك.

3. بىر قىسىم سۆز بىرىكمىلىرى مەسىلەن: had better, would rather, would sooner قاتارلىقلار تۇسلۇك سۆز بىرىكمىلىرى بولغاندا، ئوخشاشلا ھېسسىيات ھالەت پېئىللىق رولىنى ئوينايدۇ. مەسىلەن:

(1) I would sooner be starved than disgrace myself.

يۈزۈمنى تۆككىنىمدىن ئاچلىقتىن ئۆلگىنىم ياخشى.

(2) I would rather go by bike.

مەن يەنىلا ۋېلسىپىتتە بېرىشنى خالايمەن.

(3) I have to go to bed.

مەن ئامالسىز ئۇخلاشقا مەجبۇر بولدۇم.

## 36 - جۈملە شەكلى

| | S+vt | n./pron. |
|---|---|---|
| 1 | *They did* | *very little work that day.* |
| 2 | *Nobody answered* | *my question.* |
| 3 | *John has* | *a plan.* |
| 4 | *Do you like* | *him?* |
| 5 | *He speaks* | *English.* |
| 6 | *An idea struck* | *me.* |
| 7 | *Has anybody seen* | *kelly?* |
| 8 | *Can your horse jump* | *that gate?* |

【تەرجىمىسى】

1. ئۇ كۈنى ئۇلار ئارزاقلا ئىشلىدى.
2. ھېچكىم مېنىڭ سوئالىمغا جاۋاب بېرەلمىدى.
3. جوننىڭ بىر پىلانى بار.
4. سىز ئۇنى ياخشى كۆرەمسىز؟
5. ئۇ ئىنگلىزچە سۆزلىدى.
6. مەن بىر ئامال ئويلاپ چىقتىم.
7. كېلىنى كۆرگەنلەر بارمۇ؟
8. سېنىڭ ئېتىڭ ئاۋۇ دەرۋازىدىن سەكرەپ ئۆتەلەمدۇ؟

【تەھلىل】

1. بۇ جۈملە شەكلى: ئىگە+ئۆتۈملۈك پېئىل+ئىسىم/ئالماش.

2. نۇرغۇن ئۆتۈملۈك پېئىللار ئىسىم بولۇپ كېلەلەيدۇ/ئالماش/تولدۇرغۇچى بولۇپ كېلەلەيدۇ.

3. خەۋەر پېئىل چوقۇم ئىگە ئادەم ياكى سان بولغان ۋاقىتتا بىردەك بولىدۇ. ئۇنىڭ ئوخشىمىغان زامانلىرى بار. ئىگىنىڭ ئوخشاش بولمىغان ھەرىكەت ۋاقتى ۋە ھەرىكەتنىڭ تاماملىنىشىنىڭ ئوخشاش بولمىغان دەرىجىسىنى ئىپادىلەيدۇ.

## 37 - جۈملە شەكلى

| | S+vt | reflexive pron. |
|---|---|---|
| 1 | *Please behave* | *yourself.* |
| 2 | *Have you hurt* | *yourself?* |
| 3 | *He praised* | *himself.* |
| 4 | *She reproached* | *herself.* |
| 5 | *He killed* | *himself.* |

【تەرجىمىسى】

1. ئۆزىڭىزنى ئاسراڭ.

2. ئۆزىڭىزنى يارىلاندۇرۇپ قويمىغانسىز؟
3. ئۇ ئۆزىنى ماختىدى.
4. ئۇ ئۆزىنى ئەيىبلىدى.
5. ئۇ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى.

【تەھلىل】

1. بۇ جۈملە شەكلى: ئىگە+ئۆزلۈك پېئىل+قارشى مەنىلىك ئالماش.

2. نۇرغۇن ئۆزلۈك پېئىل قارشى مەنىلىك ئالماش بىلەن قوشۇلۇش ئارقىلىق جۈملىدە تولدۇرغۇچى بولىدۇ. بىر قىسىم پېئىللار ۋە قارىمۇ قارشى مەنىلىك سۆزلەر، ئالماشلار ماقال-تەمسىل ھاسىل قىلىپ، بىر ئۆزلۈكسىز پېئىل بىلەن باراۋەر بولىدۇ. مەسىلەن:

conceal himself (hide); enjoyed himself (had a good time); exerted himself (endeavoured); lose myself (become absorbed in something); settled myself (sat down)

3. 20 گە يېقىن ئۆزلۈك پېئىلنىڭ كەينىگە دائىم قارشى مەنىلىك ئالماش ئۇلىنىپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

overworked myself; disported himself; busied himself; absented himself; help yourself; relieved herself; conduct yourself; acquit yourself; perjured yourself

# 38 - جۈملە شەكلى

| | S+vt | v |
|---|---|---|
| 1 | *She died* | *a heroic death.* |
| 2 | *He dreamed* | *a most extraordinary dream.* |
| 3 | *He smiled* | *a contemptuous smile.* |
| 4 | *We are living* | *a happy life.* |
| 5 | *She sighed* | *a deep sigh.* |
| 6 | *He slept* | *a sound sleep* |
| 7 | *He caughed* | *a terrible cough.* |
| 8 | *It smelled* | *a strange smell.* |

【تەرجىمىسى】

1. ئۇ قەھرىمانلارچە قۇربان بولدى.
2. ئۇ ناھايىتى غەلىتە بىر چۈش كۆردى.
3. ئۇ مەسخىرىلىك كۈلۈپ قويدى.
4. بىز خۇشال-خۇرام تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتىمىز.
5. ئۇ ئېغىر تىنىپ قويدى.
6. ئۇ بەك تاتلىق ئۇخلىدى.
7. ئۇ بەك قاتتىق يۆتىلىپ كەتتى.
8. بۇ پۇراق بەك غەلىتە ئىكەن.

【تەھلىل】

1. جۈملە شەكلى: ئىگە+ئۆتۈمسىز پېئىل+ئىسىم (ئېنىقلىغۇچى)

2. جۈملىدىكى تولدۇرغۇچى بىلەن خەۋەر پېئىل ئوخشاش مەنىبەلىك ئىسىم بولۇپ، بۇ خىل تولدۇرغۇچى ئوخشاش مەنبەلىك تولدۇرغۇچى دېيىلىدۇ. ئوخشاش مەنبەلىك تولدۇرغۇچى دائىم

www.uyghurkitap.com

بىر ئېنىقلىغۇچىنى ئەگەشتۈرۈپ كېلىدۇ. بۇ ئېنىقلىغۇچى ئۇقۇم جەھەتتىن ھالەت بولۇپ كېلىدۇ.

3. بىر ئوخشاش مەنبەلىك تولدۇرغۇچى، پېئىل بىلەن ئوخشاشمايدۇ.

(1) It blew a brisk gale.

بىر پەس قاتتىق شامال چىقتى.

(2) They fought a brave war.

ئۇلار قەھرىمانلارچە بىر مەيدان جەڭ قىلدى.

(3) They harvested a good crop.

ئۇلار ياخشى مول ھوسۇل ئالدى.

(4) We asw a strange sight.

بىز بىر غەلىتە مەنزىرىنى كۆردۇق.

## 39 - جۈملە شەكلى

| | **S+vt** | **n.** |
|---|---|---|
| 1 | *She smiled* | *her thanks.* |
| 2 | *He nodded* | *his approval.* |
| 3 | *The girls giggled* | *their agreement.* |
| 4 | *The women kissed* | *each other good—bye.* |
| 5 | *He bowed* | *his obedience.* |
| 6 | *She danced* | *her joy.* |

**【تەرجىمىسى】**

1. ئۇ كۈلۈمسىرەپ رەھمىتىنى ئىپادىلىدى.
2. ئۇ بېشىنى لىڭشىتىپ ماقۇللىقىنى ئىپادىلىدى.
3. ھەممە قىزلار كۈلۈپ قوشۇلىدىغانلىقىنى ئىپادىلىدى.
4. ئاياللار ئۆزئارا سۆيۈشۈپ خوشلاشتى.
5. ئۇ ئېگىلىپ بويسۇنىدىغانلىقىنى ئىپادىلىدى.

6. ئۇ ئۇسۇل ئويناپ ئۆزىنىڭ خۇشاللىقىنى ئىپادىلىدى.

【تەھلىل】

1. جۈملە شەكلى: ئىگە+ئۆتۈملۈك پېئىل+ئىسىم.

2. جۈملىدە پېئىلنىڭ كەينىدە تولدۇرغۇچى كېلىپ مەلۇم هالەت ۋە تۇرۇق ياكى كۆرسەتكەن نەرسىنى ئىپادىلىگەن.

3. بۇ خىل «پېئىل+ئىسىم» لىك قۇرۇلمىدىن يەنە تۆۋەندىكىلىرى بار.

beam satisfaction

كۈلۈمسىرەپ رازى بولغانلىقىنى ئىپادىلەش.

gesticulate one's love

قول ئىشارىسى ئارقىلىق سۆيگۈ ئىزهار قىلىش، / ئىپادىلەش.

laugh dissent

قاقاقلاپ كۈلۈش ئارقىلىق قارشى تۇرىدىغانلىقىنى ئىپادىلەش.

look inquiry

قارىماققا ياردەم تەلەپ قىلىۋاتقاندەك.

roar approval

ۋارقىراپ قوللايدىغانلىقىنى ئىپادىلەش.

shout applause

ئۈنلۈك ئاۋازدا قارشى ئالىدىغانلىقىنى ئىپادىلەش.

sigh disappointment

ئۇھ تارتىش ئارقىلىق ئۈمىدسىزلەنگەنلىكىنى ئىپادىلەش.

whistle one's contempt

ئىسقارتىپ مەنسىتمەيدىغانلىقىنى ئىپادىلەش.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# 40 - جۈملە شەكلى

| | S+vt | doing (phrase) |
|---|---|---|
| 1 | *She enjoys* | *playing tennis.* |
| 2 | *We commenced* | *building a bridge.* |
| 3 | *She can't help* | *crying at a sad movie.* |
| 4 | *You must stop* | *smoking.* |
| 5 | *He missed* | *eating a good dinner.* |
| 6 | *The doctor advised* | *toking exercise.* |
| 7 | *Have you finished* | *talking?* |
| 8 | *Do you mind* | *waiting a bit longer?* |

【تەرجىمىسى】

1. ئۇ چويلا توپ ئويناشنى ياخشى كۆرىدۇ.
2. بىز كۆۋرۈك سېلىشنى باشلىدۇق.
3. ئۇ تەسىرلىك كىنولارنى كۆرگەندە ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي يىغلىۋېتىدۇ.
4. سەن تاماكا چېكىشنى توختىتىشىڭ كېرەك.
5. ئۇ بىر قېتىملىق مەزىلىك تاماقتىن قۇرۇق قالدى.
6. دوختۇر كۆپرەك مەشىق قىلىپ بېرىشنى ئېيتتى.
7. سىز سۆزلىشىپ بولدىڭىزمۇ؟
8. سىز بىردەم ساقلاپ تۇرۇشنى خالامسىز؟

【تەھلىل】

1. بۇ جۈملە شەكلى: ئىگە+ئۆتۈمسىز پېئىل+ھەرىكەتنام.
2. بەزى پېئىللار پەقەت ئىسمداشلارغا ئەگىشىپ تولدۇرغۇچى بولىدۇ. پېئىلنىڭ ئېنىقسىز شەكلىدە ئىشلىتىشكە بولمايدۇ. دائىم ئۇچرايدىغان پېئىللاردىن: suggest, finish,

avoid, stop, can't help, mind, admit, enjoy, leave off, require, postpone, put off, delay, practise, fancy, excuse, pardon, advise, consider, deny, endure, escape, miss, risk, await قاتارلىقلار بار.

## 41 - جۈملە شەكلى

| | S+need/want, etc. | doing (phrase) |
|---|---|---|
| 1 | *Your work needs* | *correcting.* |
| 2 | *He wants* | *looking after.* |
| 3 | *My shoes want* | *mending.* |
| 4 | *It won't bear* | *thinking of.* |
| 5 | *It requires* | *washing.* |
| 6 | *He deserved* | *punishing.* |

【تەرجىمىسى】

1. سىزنىڭ تاپشۇرۇقىڭىز توغرىلاشقا موھتاج.
2. ئۇ باشقىلارنىڭ ئۆز ھالىدىن خەۋەر ئېلىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ.
3. ئايىغىمنى ياماش كېرەك.
4. ئۇنى ئويلاشقا بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ.
5. بۇنى يۇيۇپ پاكىزلاش كېرەك.
6. ئۇ چوقۇم جازاغا ئۇچرىشى كېرەك.

【تەھلىل】

1. بۇ جۈملە شەكلى: «ئىگە+need/want+ئىسىمداش».
2. بۇ جۈملە شەكلى تەشەببۇسكار ھەرىكەتنامىلارنى ئىشلىتىپ مەجھۇل مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.
3. بۇ خىل سۆپەتلەردىن دائىم ئۇچرايدىغانلىرى: need,

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

want, require, bear, deserve, defy, forbid, stand, worth قاتارلىقلار بار.

## 42 - جۈملە شەكلى

| | S+vt | (not)+to do (phrase) |
|---|---|---|
| 1 | *I prefer* | *(not) to start early.* |
| 2 | *Do they want* | *to go?* |
| 3 | *It's begun/started* | *to rain.* |
| 4 | *She determined* | *to study harder.* |
| 5 | *Mary begged* | *to go with us.* |
| 6 | *He volunteerd* | *to help me.* |
| 7 | *He refused* | *to lend me the money.* |
| 8 | *I managed* | *to control my temper.* |

【تەرجىمىسى】

1. مەن بالدۇرراق باشلاشنى ئۈمىد قىلمەن.
2. ئۇلار بېرىشنى خالامدۇ؟
3. يامغۇر يېغىشقا باشلىدى.
4. ئۇ تىرىشىپ ئۆگىنىشكە بەل باغلىدى.
5. مارى بىز بىلەن بىللە بېرىشنى تەلەپ قىلدى.
6. ئۇ ماڭا ياردەم بېرىشنى خالايدۇ.
7. ئۇ ماڭا پۇل ئۆتنە بېرىشنى رەت قىلدى.
8. مەن ئۆزۈمنىڭ كەيپىياتىمنى كونترول قىلىشىم كېرەك.

【تەھلىل】

1. بۇ جۈملە شەكلى: ئىگە+ئۆتۈمسىز پېئىل+پېئىلنىڭ ئېنىقسىز شەكلى (ئىبارە).
2. پېئىلنىڭ ئېنىقسىز شەكلىدە تولدۇرغۇچى بولىدىغان

پېئىللار ناھايىتى كۆپ، ئادەتتە كۆپ ئۇچرايدىغانلىرى: want, like, hate, prefer, hope, continue, manage, try, ask, offer, start, forget, promise, mean, pretend, intend, begin, attempt, decide, learn, desire, agree, care, choose, determine, undertake, expect قاتارلىقلار.

3. بەزى پېئىلنىڭ ئىنىقسىز شەكلى تولدۇرغۇچى بولۇپلا قالماستىن، ھەرىكەتنام ئورنىدا قوللىنىلىپ تولدۇرغۇچى بولىدۇ. بىراق مەنىسى ئوخشىمايدۇ.

(1) ھەرىكەتنامنى تولدۇرغۇچى قىلىدىغانلار ئادەتتىكى مايىللىقنى بىلدۈرىدۇ. پېئىلنىڭ ئىنىقسىز شەكلىنى تولدۇرغۇچى قىلغاندا ئالاھىدە ياكى كونكرېت بولغان ھەرىكەتلەرنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

1) I like reading books of this kind.
   I'd like to read that book.

2) You don't prefer swimming.
   You don't prefer to swim.

(2) مەلۇم ئىشنى مەقسەتلىك باشلاشنى (توختىتىشنى) بىلدۈرىدۇ. ھەرىكەتنامنى ئىشلەتكەندە، بىر خىل مەجھۇل پىسخىك ھالەتنى ئىپادىلىگەندە پېئىلنىڭ ئىنىقسىز شەكلى قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

We started working on it in 200.
We began to know it just now.

(3) مەلۇم ئىشنى قىلىپ بولغاندا، ھەرىكەتنامنى، مەلۇم ئىشنى قىلماقچى بولغاندا پېئىلنىڭ ئىنىقسىز شەكلىنى ئىشلىتىمىز.

1) He forgot meeting you at a hotel.
   He forgot to meet you at the hotel.

2) I regret telling you the sad story.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

I regret to tell you the sad story.

4. بەزى ئۆتۈملۈك پېئىللار كەينىدىكى پېئىللار بىلەن بىرىكىش ئارقىلىق سۆز بىرىكمىسى ھاسىل قىلىدۇ. ئۇنى بىر ئۆتۈملۈك پېئىل دەپ قاراشقا بولىدۇ. كەينىگە تۇراقسىز سۆز بىرىكمىسى قوشۇلسا، تولدۇرغۇچى بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

(1) He had a good mind to do it.

(2) I tried my best to find out a solution.

(3) She make up her mind to study harder.

(4) The teacher saw her way to praise the students.for

5. بەزى پېئىللار پېئىلنىڭ ئېنىقسىز شەكلىنىڭ ئالدىغا forنى قوشۇش ئارقىلىق پېئىلنىڭ ئېنىقسىز شەكلىنىڭ لوگىكىلىق ئىگىسى بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

(1) We planned for him to come.

(2) He doesn't desire for you to help him.

## 43 - جۈملە شەكلى

| | S+vt | conjunctive+to do (phrase) |
|---|---|---|
| 1 | *I don't know* | *who to go to for advice.* |
| 2 | *She couldn't decide* | *what to do next.* |
| 3 | *They will learn* | *how to type.* |
| 4 | *We must decide* | *whether to go or stay.* |
| 5 | *I wonder* | *where to buy it.* |
| 6 | *You must learn* | *when to give advice and when to be silent.* |
| 7 | *How can you tell* | *which button to press?* |
| 8 | *Have you settled* | *where to go for your holidays?* |

**【تەرجىمىسى】**

1. مەن مەسلىھەت ئېلىش ئۈچۈن كىمنى ئىزدەيدىغانلىقىمنى بىلمەي قالدىم.

2. ئۇ كېيىنكى قەدەمدە نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىغا ھۆكۈم چىقىرالمىدى.

3. ئۇلار كېيىن قانداق خەت ئۇرۇشنى ئۆگىنىدۇ.

4. بىز چوقۇم كېتىش-كەتمەسلىك توغرىسىدا قارار چىقىرىشىمىز كېرەك.

5. مەن ئۇنى قەيەردە ساتىدىغانلىقىنى بىلمەيمەن.

6. قايسى ۋاقىتتا تىنچ تۇرىدىغانلىقىڭنى، قايسى ۋاقىتتا پىكرنى ئوتتۇرىغا قويۇشنى ئۆگىنىۋېلىشىڭ كېرەك.

7. سىز قانداقسىگە ئۇ كۇنۇپكىنى بېسىش لازىملىنى بىلىۋالدىڭىز؟

8. سىز نەدە دەم ئېلىشنى قارار قىلدىڭىزمۇ؟

【تەھلىل】

1. ئىگە + ئۆتۈملۈك پېئىل+سوراق ئالماش/رەۋىش+ پېئىلنىڭ ئېنىقسىز شەكلى.

2. بەزى ئۆتۈملۈك پېئىلنىڭ ئېنىقسىز شەكلىنى تولدۇرغۇچى قىلىدۇ. پېئىلنىڭ ئېنىقسىز شەكلىگە بىر سوئال جۈملە قوشۇلۇشى كېرەك.

بۇ خىل سوئال بار پېئىلنىڭ ئېنىقسىز شەكلىنى سوئالدىن بولغان بېقىندى جۈملىنىڭ ئاددىي شەكلى دەپ قاراشقا بولىدۇ. مەسىلەن:

She considered how to answer the question.

= She considered how she can answer the question.

ئۇ بۇ سوئالغا قانداق جاۋاب بېرىشنى ئويلىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# 44 - جۈملە شەكلى

| | S+vt | that—clause |
|---|---|---|
| 1 | *I suppose* | *you'll be there.* |
| 2 | *I wish* | *you wouldn't interrupt.* |
| 3 | *We all hope* | *you'll be able to come.* |
| 4 | *Do you think* | *it'll rain?* |
| 5 | *He said* | *he was busy.* |
| 6 | *The letter says* | *that they are leaving on the 13th.* |
| 7 | *He believes* | *that the plan is imperfect.* |
| 8 | *We found* | *that the machine was out of order.* |
| 9 | *I heard* | *that Wang was in loue with Li.* |
| 10 | *The judge ruled* | *that david was innocent.* |

【تەرجىمىسى】

1. مېنىڭچە، سىز ئۇ يەردە بولىسىز.
2. مەن گېپىمنى بۆلۈۋەتمەسلىكىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن.
3. ھەممىمىز سىزنىڭ كېلەلىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمىز.
4. سىزنىڭ قارىشىڭىزچە يامغۇر ياغارمۇ؟
5. ئۇنىڭ دېيىشىچە ئۇ ناھايىتى ئالدىراش ئىكەن.
6. بۇ خەتتە دېيىلىشىچە ئۇلار 13-چېسلا يولغا چىقىدىكەن.
7. ئۇ بۇ پىلاننىڭ تازا مۇكەممەللىكىگە ئىشەنچ قىلمايدۇ.
8. بىز ماشىنىدىن چاتاق چىققانلىقىنى بايقىدۇق.
9. ئاڭلىشىمچە ۋاڭ، لى بىلەن مۇھەببەتلىشىۋېتىپتۇ.
10. سوتچى داۋىدنىڭ گۇناھسىز ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلدى.

【تەھلىل】

1 . جۈملە شەكلى: ئىگە+ئۆتۈملۈك پېئىل+that بېقىندى جۈملە.

2 . that بېقىندى جۈملە تولدۇرغۇچى بولىدىغان ئەھۋال بەكمۇ كۆپ. ئۇرغۇنلىغان پېئىللار مەسىلەن: boast, say, think, insist, wish, hope, suppose, see, believe, agree, acknowledge, admit, deny, expect, explain, confess, order, command, suspect, suggest, propose, demand, feel, require, imagine, wonder, intend, notice, report, urge قاتارلىقلار that بىلەن باشلانغان تولدۇرغۇچى بېقىندى جۈملە بولۇپ، ئوخشاش بولمىغان ئىنتوناتسىيىنى ئىپادىلەيدۇ.

(1) ئادەتتە ھەممىسى باياننى ئىپادىلەيدۇ.

He explained that he was tired.

(2) يەنە بۇيرۇق جۈملىلەرنى ئىپادىلەشكە بولىدۇ. مەسىلەن: تەلەپ، پىكىر قاتارلىقلارنىمۇ ئىپادىلەشكە بولىدۇ. بېقىندى جۈملىنىڭ خەۋىرى should دىن تۈزۈلىدۇ.

The law prescribes that nobody should gamble.

(3) ئۈمىد ۋە ئارزۇنى ئىپادىلەيدۇ. بېقىندى جۈملىنىڭ خەۋىرى كۆپرەك will ياكى may دىن تۈزۈلىدۇ. مەسىلەن:

I wish that you will have a good trip.

3 . think, believe, suppose, expect قاتارلىق پېئىللاردىن كېيىن كەلگەن that تولدۇرغۇچىلىق بېقىندى جۈملىلەردە بەزىدە خەۋەر بولۇشسىزلىقنى بىلدۈرسىمۇ، لېكىن بولۇشسىز شەكىل قوللىنىلمايدۇ. think قاتارلىق سۆزلەر بولۇشسىز شەكىل ھالەتكە ئۆزگىرىدۇ.

(1) I don't think that you are right.

(2) I don't believe that you can swim.

4 . that بەزى ۋاقىتلاردا ئېلىنمىسىمۇ بولىدۇ. بولۇپمۇ believe, presume, think, suppose, hope, wish, expect,

قــاتارلىق سۆزلەردىن كېيىن مەسىلەن: I say, know, hear
بىراق بەزى ۋاقىتلاردا چۈشۈپ believe you are a good person
قالسا بولمايدۇ.

(1) رەۋىش ياكى رەۋىش سۆز بىرىكمىسىنىڭ قايسى سۆزنى ئېنىقلىغانلىقىنى ئەسكەرتىشتە تاشلاپ قويۇشقا بولمايدۇ. مەسىلەن:

He said that at the party he was very happy.

(2) that مۇناسىۋەت بېقىندى جۈملىگە مۇناسىۋەت بېقىندى جۈملە ياكى ھالەت بېقىندى جۈملىنى قوشۇپ قويۇشقا بولىدۇ. مەسىلەن:

I think that, if you can, you will do it.

## 45 - جۈملە شەكلى

| | S+vt | depended clause/question |
|---|---|---|
| 1 | *I don't know* | *how many people are likely to come.* |
| 2 | *I wonder* | *whether he is not happy.* |
| 3 | *The judge has to decide* | *who the watch belongs to.* |
| 4 | *Can anyone tell* | *who was responsible for the accident?* |
| 5 | *I wonder* | *which of them will win.* |
| 6 | *Do you know* | *whose book this is?* |
| 7 | *We were discussing* | *where we should go for our hodilays.* |
| 8 | *Come and see* | *what we've found.* |
| 9 | *I wonder* | *why he's always late.* |
| 10 | *I'll ask* | *when the train leaves.* |

**【تەرجىمىسى】**

1. مەن بۇ يەرگە قانچىلىك ئادەمنىڭ كېلىدىغانلىقىنى بىلمەيمەن.

2. ئۇنى بەختلىك ئەمەس دەپ قارايمەن.
3. سوتچى ئامالسىز بۇ قول سائىتىنىڭ كىمگە تەئەللۇق ئىكەنلىكىنى ھۆكۈم قىلدى.
4. بۇ قىممەتلىك ھادىسىگە كىم مەسئۇل بولۇشى كېرەكلىكىنى ئېيتىپ بېرەلەيدىغانلار بارمۇ؟
5. مەن ئۇلارنىڭ قايسىسىنىڭ يېڭىپ چىقىدىغانلىقىنى ئويلاۋاتىمەن.
6. سىز بۇ كىتابنىڭ كىمنىڭ ئىكەنلىكىنى بىلەمسىز؟
7. بىز ھازىر بايرامدا قەيەرگە بېرىپ دەم ئېلىشنى مۇزاكىرە قىلىۋاتىمىز.
8. بىزنىڭ نېمىنى بايقىغىنىمىزنى كۆرۈپ بېقىڭ.
9. مەن ئۇنىڭ نېمىشقا دائىم كېچىكىدىغانلىقىنى چۈشەنمەيمەن.
10. مەن پويىزنىڭ قاچان يولغا چىقىدىغىنىنى سوراپ باقاي.

【تەھلىل】

1. بۇ خىل جۈملە شەكلى: ئىگە+ئۆتۈملۈك پېئىل+ تەۋەلىك مۇناسىۋەتتىكى سوئال جۈملە (سوئال جۈملىدىن ھاسىل بولغان بېقىندى جۈملە)
2. تولدۇرغۇچلۇق بېقىندى جۈملىدە دائىم كۆرۈلىدىغان پېئىللاردىن: see, say, tell, ask, answer, know, decide, find out, imagine, suggest, doubt, wonder, show, discover, discuss, understand, inform, advise قاتارلىقلار بار.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## 46 ـ جۈملە شەكلى

| | S+vt | n./pron. (Io) | n./pron. (Do) |
|---|---|---|---|
| 1 | *Have they paid* | *yu* | *the money?* |
| 2 | *Will you lend* | *me* | *your pen, please?* |
| 3 | *He handed* | *her* | *the letter.* |
| 4 | *Please show* | *me* | *your passport.* |
| 5 | *I'll lend* | *you* | *something to read.* |
| 6 | *They accorded* | *him* | *a hearty reception.* |
| 7 | *He gave* | *John* | *a cigarette.* |
| 8 | *She handed* | *her brother* | *the salt.* |
| 9 | *He rendered* | *his boss* | *a service.* |
| 10 | *She blew* | *him* | *a kiss.* |

**【تەرجىمىسى】**

1. ئۇلار سىزنىڭ پۇلىڭىزنى تۆلەپتىمۇ؟
2. سەن قەلىمىڭنى ماڭا بېرىپ تۇرامسەن؟
3. ئۇ خەتنى ئۇنىڭغا تۇتقازدى.
4. ماڭا پاسپورتىڭىزنى كۆرسىتىڭ.
5. مەن سىزگە بىر نەچچە كىتاب بېرەي، كۆرۈپ بېقىڭ.
6. ئۇلار ئۇنى قىزغىنلىق بىلەن كۈتىۋالدى.
7. ئۇ جونغا بىر تال تاماكا تۇتتى.
8. ئۇ ئاكىسىغا تۇز بەردى.
9. ئۇ خوجايىنى ئۈچۈن ئىشلەيدۇ.
10. ئۇ ئۇنى ئىشارەت بىلەن سۆيۈپ قويدى.

**【تەھلىل】**

1. بۇ خىل جۈملە شەكلى: ئىگە+ئۆتۈملۈك پېئىل+ ئىسىم

/ ئالماش (ۋاسىتىلىك تولدۇرغۇچى) + ئىسىم/ ئالماش (بىۋاسىتە تولدۇرغۇچى).

2. تولدۇرغۇچى ئىككى تۈرگە بۆلىنىدۇ: بىۋاسىتە تولدۇرغۇچى ۋە ۋاسىتىلىك تولدۇرغۇچى. بىۋاسىتە تولدۇرغۇچى: ھەرىكەتنى ئورۇندىغۇچى ياكى ھەرىكەتنىڭ نەتىجىسىنى كۆرسىتىدۇ. ۋاسىتىلىك تولدۇرغۇچى ھەرىكەتنى كىمگە قارىتىپ قىلغانلىقىنى ياكى ھەرىكەتنىڭ كىم ئۈچۈن قىلىنغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

3. ۋاسىتىلىك تولدۇرغۇچى پەقەت بەزى پېئىللاردىن كېيىن كېلىدۇ. دائىم كۆرۈلىدىغانلىرى: give, show, send, bring, offer, read, pass, lend, leave, hand, tell, return, write, pay, throw, allow, wish, teach, promise, award, accord, grant, refuse, deny, make, buy, do, fetch, get, paint, play, save, reserve, spare, order, sing, cook, find قاتارلىقلاردۇر. ۋاسىتىلىك تولدۇرغۇچى ئادەتتە دائىم بىۋاسىتە تولدۇرغۇچى بىللە بىللە قوللىنىلىدۇ. بىراق last قاتارلىقلاردىن كېيىن ئۆزى يالغۇز ئىشلىتىلسە بولىدۇ.

The shirt cost me three dollars.

ۋاسىتىلىك تولدۇرغۇچى — me؛ ھالەت — three dollars

4. بەزى گراماتىكا ئۆگەنگۈچىلەر بىۋاسىتە تولدۇرغۇچىنى نەرسىدىن بولغان تولدۇرغۇچى، ۋاسىتىلىك تولدۇرغۇچىنى ئادەمدىن بولغان تولدۇرغۇچى دەپ ئاتايدۇ. بىراق ۋاسىتىلىك تولدۇرغۇچى بەزىدە نەرسىلەرنى كۆرسىتىدۇ. بىۋاسىتە تولدۇرغۇچى ئالماش بولسىمۇ بولىۋېرىدۇ. مەسىلەن:

(1) He never gives the matter a second thought.

ۋاسىتىلىك تولدۇرغۇچى — the matter

(2) She doesn't give the plan a trial.

ۋاسىتىلىك تولدۇرغۇچى — the plan

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

(3) Don't tell her that.

بىۋاستە تولدۇرغۇچى

(4) Who asked you this?

بىۋاستە تولدۇرغۇچى

(5) Did you leave me any?

بىۋاستە تولدۇرغۇچى

## 47 - جۈملە شەكلى

| | S+vt | n./pron. (Do) | to/for+n./pron. (Io) |
|---|---|---|---|
| 1 | *She read* | *the letter* | *to all her friends.* |
| 2 | *He sold* | *his old car* | *to one of his neighbours.* |
| 3 | *He still owes* | *a lot of money* | *to the tax office.* |
| 4 | *He won't lend* | *money* | *to anyone.* |
| 5 | *Please pass* | *this note* | *to the man in the corner.* |
| 6 | *I'll get* | *what I can* | *for you.* |
| 7 | *Won't you play* | *a Beethoven sonata* | *for me?* |
| 8 | *We must choose* | *suitable presents* | *for your nephews and nieces.* |
| 9 | *Con you cash* | *this cheque* | *for me?* |
| 10 | *Will you do* | *a favour* | *for a friend of mine?* |

【تەرجىمىسى】

1. ئۇ خەتنى ھەممە دوستلىرىغا ئوقۇپ بەردى.
2. ئۇ كونا ماشىنىسىنى قوشنىسىغا سېتىپ بەردى.
3. ئۇ باج ئىدارىسىگە خېلى كۆپ قەرز.
4. ئۇ ھېچقانداق ئادەمگە قەرز بەرمەيدۇ.
5. بۇ خەتنى (ۋاراقنى) بۇلۇڭدىكى ئاۋۇ ئەرگە بېرىپ قويۇڭ.
6. مەن چوقۇم سىنىڭ ئورنۇڭدا ئېلىپ قويىمەن.

7. ماڭا بىتخوۋىنىنىڭ بىر مۇزىكىسىنى چېلىپ بېرەلەمسىز؟
8. بىز چوقۇم سىزنىڭ جىيەنلىرىڭىزگە مۇۋاپىق كېلىدىغان سوۋغا تاللىشىمىز كېرەك.
9. سىز ماڭا بۇ چەكنى ئالماشتۇرۇپ بېرەلەمسىز؟
10. سىز مېنىڭ بىر دوستۇمغا ياردەم بېرەلەمسىز؟

**【تەھلىل】**

1. بۇ خىل جۈملە شەكلى: ئىگە+ئۆتۈملۈك پېئىل+ ئىسىم+ئالماش (بىۋاستە تولدۇرغۇچى) +to/for+ ئىسىم/ئالماش (ۋاسىتىلىك تولدۇرغۇچى)

2. ئەگەر بىۋاستە تولدۇرغۇچى خەۋەر بولىدىغان پېئىلغا باغلىنىپ كەلسە، ۋاسىتىلىك تولدۇرغۇچى to for دىن بولغان سۆز بىرىكمىسىگە ئايلىنىدۇ. لېكىن مەنىسىدە ئۆزگىرىش بولمايدۇ. مەسىلەن:

(1) I'll return the book to you tomorrow.

=I'll return you the book tomorrow.

(2) Will you fetch a chair for me?

=Will you fetch me a chair?

3. ئادەتتىكى ئەھۋالدا، give, show, send, bring, offer, read, pass, have, lend, tell, return, write, pay, throw, allow, wish, teach, promise, award, accord, grant, owe, refuse, deny قاتارلىق پېئىللاردىن كېيىن كەلگەن ۋاسىتىلىك تولدۇرغۇچى، كۆپ ھاللاردا to بىلەن باشلانغان سۆز بىرىكمىسى بىلەن ئالمىشىپ كېلىدۇ.

(1) The boss paid the salary to me.

(2) He assign a duty to me.

(3) The teacher refused the request to me.

4. ئادەتتىكى ئەھۋالدا: make, buy, do, fetch, get,

www.uyghurkitap.com

paint, play, save, reserve, order, spare, sing, cook, find قاتارلىق سۆزلەردىن كېيىن كەلگەن ۋاستىلىك تولدۇرغۇچىلار، forدىن باشلانغان سۆز بىرىكمىسى بىلەن ئالمىشىپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

(1) He ordered a book for me.

(2) She made a dress for me.

(3) He built a but for himself.

5. تۆۋەندىكى ئەھۋاللاردا، to/for بىلەن باشلانغان سۆز بىرىكمىسىنى ئىشلىتىش ۋاستىلىك تولدۇرغۇچىنى ئىشلەتكەندىن ياخشىراق.

(1) بىۋاستە تولدۇرغۇچى كىشىلىك ئالماش بولغاندا. مەسىلەن:

I'll send it to you tommorrow.

ۋاستىلىق تولدۇرغۇچى    بىۋاستە تولدۇرغۇچى

(2) بىۋاستە تولدۇرغۇچى ۋاستىلىك تولدۇرغۇچىدىن قىسقا بولغاندا. مەسىلەن:

We have sent presents to most of my family.

ۋاستىلىك تولدۇرغۇچى    بىۋاستە تولدۇرغۇچى

(3) ۋاستىلىك تولدۇرغۇچى كۆچەيتىلگەن ۋاقىتتا. مەسىلەن:

Bring the letter to me, not to Henry.

(4) ۋاستىلىك تولدۇرغۇچىنىڭ ئورنىدا بىر ئالاھىدە سوراق جۈملە بولۇپ، ۋاستىلىك تولدۇرغۇچىلىق بايان جۈملىنى كۆچەيتكەندە ياكى تولدۇرغۇچىلىق بېقىندى جۈملىنى باشلىغان ۋاقىتتا. مەسىلەن:

1) Who did you send it to?

2) It's for you that he paintd this picture.

3) Is this the lady you returned the book to?

## 48 - جۈملە شەكلى

| | S+vt | n./pron. | prep. +n./pron. (phrase) |
|---|---|---|---|
| 1 | *We congratulated* | *him* | *on his success.* |
| 2 | *They accused* | *him* | *of stealing the jewels.* |
| 3 | *He spends* | *a lot of money* | *on records.* |
| 4 | *Don't waste* | *your time* | *on that nonsense.* |
| 5 | *Thank* | *you* | *for your kind help.* |
| 6 | *What prevents* | *you* | *from coming earlier?* |
| 7 | *I explained* | *my difficulty* | *to him.* |
| 8 | *They asked* | *a favour* | *of you.* |
| 9 | *He drew* | *a conclusion* | *forom this fact.* |
| 10 | *She keeps* | *her children* | *from harm.* |

【تەرجىمىسى】

1. بىز ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىنى تەبرىكلەيمىز.
2. ئۇلار ئۇنى گۆھەر ئوغۇرلىدى دەپ ئەيىبلىدى.
3. ئۇ نۇرغۇنلىغان پۇل سەرپ قىلىپ پلاستىنكىنى سېتىۋالدى.
4. بۇنداق بىمەنە ئىشلارغا ئۆزىڭىزنىڭ ۋاقتىنى سەرپ قىلماڭ.
5. سىزنىڭ قىلغان ياردىمىڭىزگە رەھمەت.
6. قايسى ئىش سىزنىڭ بالدۇرراق كېلىشىڭىزگە دەخلى قىلدى؟
7. مەن قىيىنچىلىقىمنى ئۇنىڭغا چۈشەندۈردۈم.
8. ئۇلار سىزدىن ياردەم سورىدى.
9. ئۇ بۇ پاكىتتىن بىر خۇلاسىگە ئېرىشتى.

10. ئۇ ئۆز باللىرىنىڭ يىراقتا كەتكەنلىكىدىن ئازابلاندى.

【تەھلىل】

1. جۈملىنىڭ شەكلى: ئىگە+ئۆتۈملۈك پېئىل + ئىسىم/ ئالماش (بىۋاستە تولدۇرغۇچى) + ئالدى قوشۇلغۇچى+ئىسىم/ ئالماش.

2. بەزى ۋاقىتتا ۋاسىتىلىك تولدۇرغۇچى to/for دىن باشقا ئالدى قوشۇلغۇچىلار بىلەنمۇ بىللە كېلىدۇ.

3. ئۆتۈملۈك پېئىل ۋە ئالاھىدە ئالدى قوشۇلغۇچى تۇرۇقلۇق سۆز بىرىكمىسى تۈزىدۇ. بىۋاستە تۇراقلىق سۆز بىرىكمىسى تۈزىدۇ. بىۋاستە تولدۇرغۇچىغا سىلىشتۇرغاندا ئالدى قوشۇلغۇچى ۋاسىتىلىك تولدۇرغۇچىدىن ئۇزۇن بولغاندا، ئالدى قوشۇلغۇچى ۋاسىتىلىك تولدۇرغۇچىنىڭ ئالدىغا يېزىلىدۇ. ئەمما ئالدى قوشۇلغۇچى تىلغا ئېلىنمايدۇ. مەسىلەن:

He spends on books much more than he spends on clothes.

## 49 - جۈملە شەكلى

| | S+vt it prep. +n/pron. | to do phrase/that—clause |
|---|---|---|
| 1 | *I must leave it to your own judgement* | *to decide whether you should offer your resignation.* |
| 2 | *Do we owe it to society* | *to help in the apprehension of criminals?* |
| 3 | *Why don't you bring it to his attention* | *that you're too ill to go on working?* |
| 4 | *You mustn't take it upon yourself* | *to spend such a large sum without the Treasurer's approval.* |
| 5 | *I put it to you* | *that this man could mot possibly have been so cruel and heartless.* |



www.uyghurkitap.com

**【تەرجىمىسى】**

1. مەن چوقۇم ئىستىپا بېرىش-بەرمەسلىكىڭنى ئۆزۈڭنىڭ قارار قىلىشىغا تاپشۇرىمەن.

2. جىنايەتچىلەرنى تۇتۇشقا ياردەملىشىش بىزنىڭ جەمئىيەتكە بولغان مەسئۇلىيىتىمىز.

3. سىز نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئاغرىپ قېلىپ خىزمەت قىلالمىغانلىقىڭىزنى ئېيتمىدىڭىز.

4. مالىيە ئىدارىسىنىڭ تەستىقى بولمىسا سەن ئۇنچىلىك كۆپ پۇلنى ئۆزۈڭچىلا ئىشلەتسەڭ بولمايدۇ.

5. مەن سىزگە دېسەم ئۇ ئادەم ئۇنچىلىك رەھىمسىز ۋە شەپقەتسىز ئەمەس.

**【تەھلىل】**

1. جۈملە شەكلى: ئىگە + ئۆتۈملۈك پېئىل+it+ئالدى قوشۇلغۇچى+ئىسىم/ئالماش+پېئىلنىڭ ئېنىقسىز شەكلى (ئىبارە) + that بېقىندى جۈملە.

2. بۇ جۈملىدە پېئىلنىڭ ئېنىقسىز شەكلى بىلەن +that بېقىندىلىق جۈملىنى بىۋاستە تولدۇرغۇچىلىق جۈملە قىلىپ ئىشلىتىلىدۇ.

3. ئالدى قوشۇلغۇچى+ئىسىم/ئالماش ۋاستىلىك تولدۇرغۇچى بولىدۇ. it بىۋاستە تولدۇرغۇچى بولغاندا ئالدىنقى شەرتى خەۋەر پېئىلنىڭ كەينىدە كېلىدۇ. بىۋاستە تولدۇرغۇچى كەينىگە بىر قەدەم چېكىنىپ جۈملىنىڭ تۇراقلىقىنى ساقلايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## 50 - جۈملە شەكلى

| | S+vt | n./pron. | conjunctive+clause/to do |
|---|---|---|---|
| 1 | *English grammar shows* | *us* | *how to make sentences.* |
| 2 | *Please tell* | *me* | *which book we should choose.* |
| 3 | *She asked* | *me* | *where she could buy flowers.* |
| 4 | *He reminded* | *me* | *when to go.* |
| 5 | *Can you advise* | *me* | *what I must do.* |

**【تەرجىمىسى】**

1. ئىنگلىز تىلى گراماتىكىسى بىزگە قانداق جۈملە تۈزەشنى دەپ بېرىدۇ.
2. بىزگە قايسى كىتابلارنى تاللىساق بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بەرگەن بولسىڭىز؟
3. ئۇ مەندىن قەيەردىن گۈل سېتىۋالالايدىغانلىقىنى سورىدى.
4. ئۇ ماڭا قايسى ۋاقىتتا يولغا چىقىشىمنى ئەسكەرتتى.
5. سىز ماڭا نېمە قىلىشىم توغرىسىدا مەسلىھەت بېرەلەمسىز؟

**【تەھلىل】**

1. جۈملە شەكلى: ئىگە+ئۆتۈملۈك پېئىل+ئىسىم/ئالماش+سوئالنى بىلدۈرىدىغان سۆز بىلەن باشلانغان بېقىندى جۈملە/پېئىلنىڭ ئېنىقسىز شەكلى (بىۋاستە تولدۇرغۇچى).
2. سوئال بىلەن باشلانغان بېقىندى جۈملە پېئىلنىڭ ئېنىقسىز شەكلى بىلەن بىۋاستە تولدۇرغۇچىدىكى خەۋەر

بولىدىغان پېئىل ئانچە كۆپ ئەمەس. تەخمىنەن 10 ى بار. دائىم ئۇچرايدىغانلىرى: show, tell, advise, ask, remind, notify, teach, inform قاتارلىقلار.

## 51 - جۈملە شەكلى

| | S+vt | n./pron. | prep. (phrase) |
|---|---|---|---|
| 1 | *Please put* | *the milk* | *in the refrigerator.* |
| 2 | *Ask David to move* | *these chairs* | *next door.* |
| 3 | *Don't let the child put* | *his head* | *into that plastic bag.* |
| 4 | *The secretary showed* | *me* | *into the manager's office.* |
| 5 | *I keep* | *the tools* | *on the rack.* |
| 6 | *We arranged* | *a picnic* | *in Mary's backyard.* |
| 7 | *He followed* | *the suspected man* | *for two hours.* |
| 8 | *The bus has carried* | *me* | 50 *miles.* |

**【تەرجىمىسى】**

1. سۈتنى توڭلاتقۇغا سېلىپ قويۇڭ.
2. داۋى بۇ ئورۇندۇقنى ياندىكى ئۆيگە ئەكىرىپ قويسون.
3. بالىنىڭ بېشىغا سۇلياۋ خالتا كىيگۈزۈپ قويماڭ.
4. كاتىپ مېنى دىرېكتورنىڭ ئىشخانىسىغا ئەكىردى.
5. مەن قورال-سايماننى جازىغا قويۇپ قويدۇم.
6. بىز دالا تاماقىنى مارىيىنىڭ ئارقا ھويلىسىغا ئورۇنلاشتۇردۇق.
7. ئۇ گۇمانلىق ئادەمگە ئىككى سائەت ئەگەشتى.
8. ئاپتوبۇس مېنى 50 مىل يىراققا ئاپىرىپ قويدى.

**【تەھلىل】**

1. جۈملە شەكلى: ئىگە+ئۆتۈملۈك پېئىل+ئىسىم/ئالماش (بىۋاسىتە تولدۇرغۇچى)+ئالدى قوشۇلغۇچى (سۆز بىرىكمىسى)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

2. بىۋاستە تولدۇرغۇچى كەينىدىكى رەۋىش (ئىبارە) ھالەت بولۇپ، تولدۇرغۇچىنى چۈشەندۈرۈپ، ئىنقىلاپ كېلىدۇ.

## 52 - جۈملە شەكلى

| | S+vt | adverb | n./pron. |
|---|---|---|---|
| 1 | *Put* | *on* | *your shoes.* |
| 2 | *Take* | *off* | *your coat.* |
| 3 | *Look* | *up* | *your room.* |
| 4 | *She threw* | *away* | *her old books.* |
| 5 | *Please bring* | *in* | *those chairs.* |
| 6 | *He cleared* | *away* | *the rubbish.* |
| 7 | *Switch* | *off* | *the radio.* |
| 8 | *Don't give* | *up* | *the plan.* |
| 9 | *You mustn't lay* | *down* | *your office.* |
| 10 | *How did they bring* | *about* | *these reforms?* |

**【تەرجىمىسى】**

1. ئايىغىڭنى كىيىۋال.
2. پەلتويىڭنى سېلىۋەت.
3. ئۆيۈڭنى ئىزدەپ باق.
4. ئۇ كونا كىتابلىرىنى چۆرۈۋەتتى.
5. بۇ ئورۇندۇقنى ئالغاچ كىرىڭ.
6. ئۇ ئەخلەتلەرنى تازىلىۋەتتى.
7. رادىئونى قويىۋەتكىن.
8. پىلانىڭدىن ۋاز كەچمە.
9. خىزمىتىڭدىن ئىستېپا بەرمە.
10. ئۇلار بۇ ئىسلاھاتلارنى قانداق تاماملىدى؟

**【تەھلىل】**

بۇ خىل جۈملە شەكلى: ئىگە+ئۆتۈملۈك پېئىل+رەۋىش+ئىسىم/ئالماش (بىۋاستە تولدۇرغۇچى)

2. بەزىبىر ئۆتۈملۈك پېئىللار بىلەن ئۇرۇن رەۋىشلىرى بىرلىكتە كەلگەندە ئۆتۈملۈك پېئىل ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. مەسىلەن:

(1) We passed over (=ignored) all the details.

بىز بارلىق ئىنچىكە ئىشلارغا سەل قارىدۇق.

(2) I put off (=delayed) visiting the doctor.

مەن دوختۇرغا بېرىشنى كېچىكتۈردۈم.

(3) I have havded in (=tendered) my resignation.

مەن ئىستېپانامەمنى ئاللىبۇرۇن بېرىپ بولدۇم.

3. بۇ خىل جۈملە شەكلىدە، ئەگەر تولدۇرغۇچى ئىنتايىن قىسقا بولسا، ئۇ رەۋىشنىڭ كەينىگە قويۇلىدۇ ياكى رەۋىشنىڭ ئالدىدا كېلىدۇ. مەسىلەن:

(1) He gave up his plan. =He gave his plan up.

ئۇ پىلاندىن ۋاز كەچتى.

(2) Please turn up the radio.=Please turn the radio up.

رادىئونى ئېچىۋېتىڭ.

4. ئەگەر تولدۇرغۇچى كىشىلىك ئالماش بولسا چوقۇم رەۋىشنىڭ ئالدىدا كېلىدۇ.

(1) He gave it up.

ئۇ، ئۇ نەرسىدىن ۋازكەچتى.

(2) They hissed him down.

ئۇلار ئۇنى سەھنىدىن قوغلاپ چۈشۈرۈۋەتتى.

5. ئەگەر تولدۇرغۇچى ئۆتكەن بىر قەدەر ئۇزۇن ۋاقىتنى بىلدۈرسە، تولدۇرغۇچى رەۋىشنىڭ كەينىدە كېلىدۇ.

(1) He gave up the plan which he had worked on for many years.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇ نۇرغۇن يىللار ئىشلەپ كەلگەن بۇ پىلاندىن ۋازكەچتى.
(2) You'd better take off your wet over coat and muddy shoes.
سەن ئەڭ ياخشىسى ھۆل پەلتويىڭنى ۋە لاي بولۇپ كەتكەن ئايىغىڭنى سېلىۋەتكىن.

## 53 - جۈملە شەكلى

| | S+vt | n./pron. | to do (phrase) |
|---|---|---|---|
| 1 | *He brought* | *his brother* | *to play.* |
| 2 | *I'm taking* | *this magazine* | *to read on the plane.* |
| 3 | *They gave* | *a party* | *to celebrate their success.* |
| 4 | *I shall need* | *at least two weeks* | *to finish the job.* |
| 5 | *They left* | *me* | *to do all the dirty work.* |
| 6 | *He opened* | *the door* | *to let the cat out.* |
| 7 | *We make* | *our shoes* | *to last.* |
| 8 | *He took* | *the medicine* | *(in order) to please his wife.* |
| 9 | *You must do* | *what the doctor tells you* | *(so as) to get well quickly.* |

【تەرجىمىسى】
1. ئۇ ئاكىسىنى ئېلىپ ئوينىغىلى چىقتى.
2. مەن بۇ ژۇرنالنى ئايروپىلاندا ئاچقىپ ئوقۇدۇم.
3. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ غەلىبىسى ئۈچۈن يىغىلىش ئۆتكۈزدى.
4. مەن ئاز دېگەندە ئىككى ھەپتىدە بۇ خىزمەتنى پۈتتۈرۈپ بولالايمەن.
5. ئۇلار مېنىي ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ماڭا قويۇپ قويۇپتۇ.

6. ئۇ ئىشنى ئېچىپ مۇشۇكنى قويۇۋەتتى.
7. بىز ئايغىمىزنى بەك چىدامىلىق تىكتۇق.
8. ئۇ بۇ دورىنى ئايالنى خۇش قىلىش ئۈچۈن يېدى.
9. دوختۇرنىڭ ساڭا دېگىنى بويىچە قىلساڭ، تېز ياخشىلىنىپ كېتىسەن.

**【تەھلىل】**

1. بۇ خىل جۈملە شەكلى: ئىگە+ئۆتۈملۈك پېئىل+تولدۇرغۇچى+پېئىلنىڭ ئېنىقسىز شەكلى (تولدۇرغۇچى تولۇقلىغۇچى).

2. بۇ خىل جۈملە شەكلىنىڭ پېئىلدىن بولغان ئىگىسىنىڭ كەينىدە مۇرەككەپ تولدۇرغۇچى بولىدۇ (تولدۇرغۇچى-تولدۇرغۇچى تولۇقلىغۇچى). تولدۇرغۇچى تولۇقلىغۇچى، تولدۇرغۇچى ۋەكىللىك قىلغان ئادەم ۋە ئىش-نەرسىلەرنىڭ ھەرىكىتىنى، شۇنداقلا ئۇنىڭ ھالىتى، ئالاھىدىلىكى، سالاھىيىتى قاتارلىقلارنى چۈشەندۈرىدۇ.

3. پېئىلنىڭ ئېنىقسىز شەكلى تولدۇرغۇچى تولۇقلىغۇچى بولىدىغان مۇھىم پېئىللىرىدىن تۆۋەندىكىلەر بار:

advise, allow, ask, beg, cause, challenge, choose, command, compel, decide, determine, encourage, entitle, expect, force, get, hate, help, instruct, intend, invite, leave, like, love, mean, oblige, order, pemit, persuade, prefer, prepare, press, remind, request, teach, want, wish

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# 54 ـ جۈملە شەكلى

| | S+vt | n./pron. (Do) | do (phrase) |
|---|---|---|---|
| 1 | *Did anyone hear* | *John* | *leave the house?* |
| 2 | *Did you notice* | *anyone* | *go out?* |
| 3 | *We felt* | *the house* | *shake.* |
| 4 | *I once saw* | *Olivier* | *act the part of Othello.* |
| 5 | *Let* | *me* | *do it for you.* |
| 6 | *Watch* | *that boy* | *jump.* |

**【تەرجىمىسى】**

1. جوننىڭ ئۆيدىن ئايرىلغانلىقىنى ئاڭلىدىڭلارمۇ؟
2. سىز باشقىلارنىڭ چىقىپ كەتكىنىگە دىققەت قىلدىڭىزمۇ؟
3. بىز ئۆينىڭ تەۋرەۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدۇق.
4. مەن بىر قېتىم ئولىۋىرنىڭ ئوتىللانىڭ رولىنى ئالغان ئويۇنىنى كۆرگەنتىم.
5. بۇنى سەن ئۈچۈن قىلىپ قوياي.
6. ئاۋۇ ئوغۇل بالىنىڭ سەكرىگىنىگە قارا.

**【تەھلىل】**

1. بۇ خىل جۈملە شەكلى: ئىگە + ئۆتۈملۈك پېئىل + ئىسىم/ئالماش + پېئىلنىڭ to ئەگەشتۈرۈپ كەلمەيدىغان ئېنىقسىز شەكلى.
2. بۇ خىل جۈملە شەكلىدىمۇ تولدۇرغۇچى تولۇقلىغۇچى پېئىلنىڭ to ئەگەشتۈرۈپ كەلمەيدىغان ئېنىقسىز شەكلى بولىدۇ. بۇ خىل پېئىللاردىن تۆۋەندىكىلەر بار:

make, let, have, see, hear, watch, notice, fee.

3. ئەمما بۇ خىل جۈملىلەر مەجھۇل ھالەتكە ئۆزگىرىپ، to قوشۇلىدۇ (قوشۇلمىسا بولمايدۇ).

She was often seen to act like that. (مەجھۇل to قوشۇلىدۇ)

The people often saw her act like that. (ئاكتىپ to قوشۇلمايدۇ)

## 55 - جۈملە شەكلى

| | S+vt | n./pron. | to be+adj./n. |
|---|---|---|---|
| 1 | *They believed* | *him* | *to be honest.* |
| 2 | *I considered* | *this trouble* | *to be unnecessary* |
| 3 | *They suspected* | *him* | *to be a thief.* |
| 4 | *I felt* | *them* | *to be right.* |
| 5 | *She imagined* | *herself* | *to be superior to others.* |

【تەرجىمىسى】

1. ئۇلار ئۇنىڭ سەممىيىتىگە ئىشەندى.
2. مېنىڭچە بۇ ئاۋارىچىلىقنىڭ ھېچبىر زۆرۈرىيىتى يوق.
3. ئۇلار ئۇنىڭ ئوغرى ئىكەنلىكىدىن گۇمانلاندى.
4. مەن ئۇلارنىڭ توغرىلىقىنى ھېس قىلدىم.
5. ئۇ ئۆزىنى باشقىلاردىن ئەقىللىق دەپ ئويلايدۇ.

【تەھلىل】

1. بۇ جۈملە شەكلى: ئىگە + ئۆتۈملۈك پېئىل+ئىسىم/ئالماش+to be+سۈپەت/ئىسىم.

2. بىر قىسىم سۆزلەر مەسىلەن: think, consider, believe, suppose, know, feel, find, understand, declare, take قاتارلىقلارنىڭ ئارقىسىدىكى تولدۇرغۇچى-تولۇقلىغۇچى كۆپىنچە to be + سۈپەت (ئىسىم) دىن تۈزۈلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# 56 - جۈملە شەكلى

| | S+vt | n./pron. | doing (phrase) |
|---|---|---|---|
| 1 | *I found* | *him* | *dozing under a tree.* |
| 2 | *The words set* | *us* | *all laughing.* |
| 3 | *His remark left* | *me* | *wondering what he was driving at.* |
| 4 | *They kept* | *me* | *waiting outside.* |
| 5 | *Please get* | *the clock* | *going.* |
| 6 | *I surprised* | *her* | *bathing in the river.* |
| 7 | *I caught* | *him* | *stealing it.* |
| 8 | *Newspaper reported* | *him* | *missing.* |

**【تەرجىمىسى】**

1. مەن ئۇنىڭ دەرەخ ئاستىدا مۈگدەپ ئولتۇرغانلىقىنى بايقىدىم.
2. بۇ گەپ ھەممىمىزنى كۈلدۈرۈۋەتتى.
3. ئۇنىڭ مۇلاھىزىسى مېنى گاڭگىرىتىپ قويدى.
4. ئۇلار مېنى سىرتتا ساقلىماقچى.
5. سائەتنى ماڭغۇزۇۋەتسىڭىز.
6. مەن ئۇنىڭ دەريادا يۇيۇنغانلىقىدىن ھەيران قالدىم.
7. مەن ئۇنى نەرسە ئوغۇرلاۋاتقان يەردىن تۇتىۋالدىم.
8. گېزىتتە ئۇنىڭ غايىب بولغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

**【تەھلىل】**

1. بۇ جۈملە شەكلى: ئىسىم+ئۆتۈملۈك پېئىل+ئىسىم (ئالماش)+پېئىلنىڭ ھازىرقى زامان تارماق شەكلى.
2. ئورۇنلىغان پېئىللار پېئىلنىڭ ھازىرقى زامان تارماق

ﺸﻪﻛﻠﻨﻰ ﺗﻮﻟﺪﯗﺭﻏﯘﭼﻰ ﺗﻮﻟﯘﻗﻠﯩﻐﯘﭼﻰ ﻗﯩﻠﯩﺪﯗ. ﺋﻪﮔﻪﺭ ﺗﻮﻟﺪﯗﺭﻏﯘﭼﻰ
ـﻪﻙ ﺋﯚﺯﯗﻥ ﺑﻮﻟﯘﭖ ﻛﻪﺗﺴﻪ، ﺳﯘﭘﻪﺗﺪﺍﺵ ﺗﻮﻟﺪﯗﺭﻏﯘﭼﻰ
ﻮﻟﯘﻗﻠﯩﻐﯘﭼﯩﺴﻰ ﺋﺎﻟﺪﯨﻐﺎ ﻗﻮﻳﯘﻟﺴﺎ ﺑﻮﻟﯩﺪﯗ. ﻣﻪﺳﯩﻠﻪﻥ:

(1) I saw lying on the street a dead man who seemed t[o] have been killed several days earlier.

ﻣﻪﻥ ﻛﻮﭼﯩﺪﺍ ﺋﯚﻟﯜﭖ ﻗﺎﻟﻐﺎﻥ ﺑﯩﺮﺳﯩﻨﻰ ﻛﯚﺭﺩﯛﻡ، ﺋﯘ ﻧﻪﭼﭽﻪ
ﻛﯜﻥ ﺑﯘﺭﯗﻥ ﻗﻪﺳﺘﻠﻪﻧﮕﻪﻧﺪﻩﻙ ﺗﯘﺭﺍﺗﺘﻰ.

(2) He set running the machine which the factory ha[d] thrown away.

ﺋﯘ ﺗﺎﺷﻠﯩﯟﯦﺘﯩﻠﮕﻪﻥ ﻛﻮﻧﺎ ﻣﺎﺷﯩﻨﯩﻨﻰ ﻗﺎﻳﺘﯩﺪﯨﻦ
ﻫﻪﺭﯨﻜﻪﺗﻠﻪﻧﺪﯛﺭﺩﻯ.

## 57 - ﺟﯜﻣﻠﻪ ﺷﻪﻛﻠﻰ

| | S+vt | n./pron. | doing (phrase) |
|---|---|---|---|
| 1 | *They saw* | *the thief* | *running away.* |
| 2 | *They heard* | *voices* | *calling for help.* |
| 3 | *Can you smell* | *something* | *burning?* |
| 4 | *She could feel* | *her heart* | *beating wildly.* |
| 5 | *Did you notice* | *anyome* | *standing at the gate?* |
| 6 | *We saw* | *two of the students* | *being carried off by the police.* |
| 7 | *We watched* | *them* | *being bundled into the police van.* |
| 8 | *She doesn't like to see* | *animals* | *being treated cruelly.* |

【ﺗﻪﺭﺟﯩﻤﯩﺴﻰ】

1. ﺋﯘﻻﺭ ﺋﻮﻏﺮﯨﻨﯩﯔ ﻗﯧﭽﯩﭗ ﻛﻪﺗﻜﻪﻧﻠﯩﻜﯩﻨﻰ ﻛﯚﺭﺩﻯ.
2. ﺋﯘﻻﺭ ﻗﯘﺗﻘﯘﺯﯗﯓﻻﺭ ﺩﯨﮕﻪﻥ ﺋﺎﯞﺍﺯﻧﻰ ﺋﺎﯕﻠﯩﺪﻯ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

3. سەن كۆيۈۋاتقان نەرسىنى پۇرىيالامسەن؟
4. ئۇ يۈرىكىنىڭ ناھايىتى تېز سوقۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلالايتتى.
5. سەن بىرسىنىڭ ئىشىك ئالدىدا تۇرغانلىقىغا دىققەت قىلدىڭمۇ؟
6. بىز ئىككى ئوقۇغۇچىنىڭ ساقچىلار تەرىپىدىن ئېلىپ كېتىلگەنلىكىنى كۆردۇق.
7. بىز ئۇلارنىڭ ساقچى ماشىنىسىغا چىققانلىقىنى كۆردۇق.
8. ئۇ ھايۋانلارنى خارلاشنى كۆرۈشنى خالىمايدۇ.

**【تەھلىل】**

1. بۇ خىل جۈملە شەكلى: ئىگە+ئۆتۈملۈك پېئىل+ ئىسىم / (ئالماش) +پېئىلنىڭ ھازىرقى زامان تارماق شەكلى.

2. پېئىلنىڭ ھازىرقى زامان تارماق شەكلى تولدۇرغۇچى تولۇقلىغۇچى بولىدۇ. يەنى see, hear, feel, watch, notice قاتارلىق سۆزلەردىن كېيىن ھەم پېئىلنىڭ ھازىرقى زامان تارماق شەكلى تولدۇرغۇچى تولۇقلىغۇچى قىلغىلى بولىدۇ، ھەم تۇراقسىز شەكلىدە تولدۇرغۇچى تولۇقلىغۇچى بولىدۇ. پېئىلنىڭ ھازىرقى زامان تارماق شەكلىنى ئىپادىلەپ ھەرىكەتنىڭ بولىۋاتقانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. تۇراقسىز شەكىل ئارقىلىق ھەرىكەتنىڭ تاماملانغانلىقى ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

(1) He saw a girl getting on the bus. (بولىۋاتىدۇ)

(2) He saw a girl get on the bus. (تاماملانغان)

# 58 - جۈملە شەكلى

| | S+vt | n./pron. | done (phrase) |
|---|---|---|---|
| 1 | *Have you ever heard* | *a pop song* | *sung in Japanese?* |
| 2 | *Have you ever seen* | *the mountains* | *covered in snow?* |
| 3 | *You must make* | *yourself* | *respected.* |
| 4 | *I felt* | *a great weight* | *taken off my mind.* |
| 5 | *We should keep* | *them* | *informed of what is going on here.* |
| 6 | *You must get* | *your hair* | *cut.* |
| 7 | *She had* | *her shoes* | *mended.* |
| 8 | *He wanted* | *his eggs* | *fried.* |

【تەرجىمىسى】

1. سەن ياپونچە مودا ناخشىلارنى ئاڭلىغانمۇ؟
2. سەن قار بىلەن قاپلانغان تاغلارنى كۆرگەنمۇ؟
3. سەن چوقۇم ئۆزۈڭنىڭ قىممىتىنى ساقلىشىڭ كېرەك.
4. مەن كۆڭلۈمنىڭ ئېچىلىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدىم.
5. بىز چوقۇم ئۇلارغا بۇ يەردە يۈز بەرگەن ئىشلارنى ئۇقتۇرۇپ قويۇشىمىز لازىم.
6. سەن چېچىڭنى ياسىشىڭ كېرەك.
7. ئۇ ئايىغىنى ياماتتى.
8. ئۇ پىششىق تۇخۇم يېيىشنى ئويلايدۇ.

【تەھلىل】

1. بۇ خىل جۈملە شەكلى: ئىگە+ئۆتۈملۈك پېئىل+ئىسىم (ئالماش+پېئىلنىڭ ئۆتكەن زامان تارماق شەكلى)

2. پېئىلنىڭ ئۆتكەن زامان تارماق شەكلى تولدۇرغۇچى ۋە تولۇقلىغۇچى بولىدۇ. تەخمىنەن 30 دەك پېئىلنىڭ ئۆتكەن زامان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

have, make, get, keep, hear, feel, بولۇپ شەكلى تارماق
see, find, watch, perceive, notice, imagine, fancy, think, want, consider, desire, wish, own, confess, prefess

3. ئەگەر تولدۇرغۇچى بەك ئۇزۇن بولۇپ كەتسە، پېئىلنىڭ ئۆتكەن زامان تارماق شەكلىنى تولدۇرغۇچىنىڭ ئالدىغا قويۇشقىمۇ بولىدۇ. مەسىلەن:

(1) He left untouched all the things to be done immediately.
ئۇ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى تاشلاپ قويۇپ كارى بولمىدى.

(2) He heard played again the music he had played when young.
ئۇ ياش ۋاقتىدا چالغان سازلىرىنى يەنە ئاڭلىدى.

## 59 - جۈملە شەكلى

| | S+vt | n./pron./doing | adj. |
|---|---|---|---|
| 1 | *We painted* | *the ceiling* | *green.* |
| 2 | *Could you push* | *the door* | *shut?* |
| 3 | *She flung* | *all the windows* | *open.* |
| 4 | *The cat licked* | *the saucer* | *clean.* |
| 5 | *The Governor set* | *the prisoners* | *free.* |
| 6 | *The workmen hammered* | *the metal* | *flat.* |
| 7 | *She boiled* | *the eggs* | *hard.* |
| 8 | *They found* | *the book* | *easy.* |
| 9 | *I discovered* | *the house* | *empty.* |
| 10 | *They proved* | *it* | *false.* |

【تەرجىمىسى】

1. بىز تورۇسنى يېشىل رەڭدە سىرلىدۇق.

2. سىز ئىشىكنى يېپىۋېتەلەمسىز؟
3. ئۇ ھەممە دېرىزىنى ئېچىۋەتتى.
4. مۇشۇك تەخسىنى پاكىز يالىۋەتتى.
5. شتات باشلىقى مەھبۇسلارنى قويۇۋەتتى.
6. ئىشچىلار مېتاللارنى ئۇرۇپ تۈزلىدى.
7. ئۇ تۇخۇمنى بەك پىشۇرۇۋەتتى.
8. ئۇلار كىتابنىڭ ئوچايلىقىنى بايقىدى.
9. مەن ئۆينىڭ قۇرۇقلىپ قالغىنىنى بايقىدىم.
10. ئۇلار بۇنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

**【تەھلىل】**

1. بۇ جۈملە شەكلى: ئىگە + ئۆتۈملۈك پېئىل + ئىسىم / ئالماش/ ھەرىكەتنام + سۈپەت

2. بۇ جۈملىدىكى تولدۇرغۇچى تولۇقلىغۇچى سۈپەتنى ئاساس قىلىدۇ.

(1) بىر قىسىم سۈپەتتىن بولغان تولدۇرغۇچى تولۇقلىغۇچى روھىي پائالىيەتنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

I saw him so sad.

(2) بىر قىسىم تولدۇرغۇچى تولۇقلىغۇچى كونكرېت ھەرىكەتنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

I slammed the door shut.

(3) بىر قىسىم تولدۇرغۇچى تولۇقلىغۇچى روھىي پائالىيەتنىمۇ، كونكرېت پائالىيەتنىمۇ بىلدۈرمەيدۇ. مەسىلەن:

they made him responsible.

3. ئەگەر تولدۇرغۇچى بەك ئۇزۇن بولۇپ كەتسە، سۈپەتتىن بولغان تولدۇرغۇچى تولۇقلىغۇچىنى ئالدىغا سۈرۈشكىمۇ بولىدۇ. مەسىلەن:

He set free all the prisoners of the city.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# 60 - جۈملە شەكلى

| | S+vt | n./pron. | n.(phrase) |
|---|---|---|---|
| 1 | *They made/ declared/ elected/appointed* | *Newton* | *Presidedt of the Royal Society.* |
| 2 | *Do you want to make* | *acting* | *Your career?* |
| 3 | *She's made* | *the job* | *a success.* |
| 4 | *I make* | *the total* | *sixty.* |
| 5 | *It's Andrew who made* | *the group* | *what was.* |
| 6 | *They call* | *him* | *Fatty.* |
| 7 | *they voted* | *him* | *a good teacher.* |
| 8 | *They revealed* | *him* | *a murder.* |

**【تەرجىمىسى】**

1. ئۇلار نيۇتوننى پادىشاھ ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ باشلىقلىقىغا سايلىدى.
2. سەن ئويۇن قويۇشنى ئۆزۈڭنىڭ ئۆمۈرلۈك ئىشىغا ئايلاندۇرماقچىمۇ؟
3. ئۇ خىزمەتتە غەلىبە قازاندى.
4. مەن ئومۇمىي ساننى 60قا يەتكۈزىمەن.
5. بۇ كوللېكتىپنى ئاندرېي مۇشۇ ھالەتكە كەلگەن.
6. ئۇلار ئۇنى فەتتى دەپ ئاتايدۇ.
7. ئۇلار ئۇنىڭ ياخشى ئوقۇتقۇچى ئىكەنلىكىنى ئېيتىشتى.
8. ئۇلار ئۇنىڭ قاتىل ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلىۋەتتى.

**【تەھلىل】**

1. بۇ خىل جۈملە شەكلى: ئىگە + ئۆتۈملۈك پېئىل+ئىسىم /ئالماش+ئىسىم (قىسقا بۆلەكلەر).

2. بۇ خىل جۈملە شەكلىدە ئىسىم بولسا تولدۇرغۇچى تولۇقلىغۇچى بولۇپ كەلگەن، كۆپ ساندىكى ئۆتۈملۈك پېئىلنىڭ كەينىدىكى ئىسىمدىن بولغان تولدۇرغۇچلۇق تولۇقلىغۇچىغا as قوشۇلمايدۇ ياكى نەزەرگە ئېلىنمايدۇ. مەسىلەن: We chose his (as) our monitor ئەمما يەنە بىر قىسىم پېئىللارنىڭ كەينىگە ئىسىمدىن بولغان تولدۇرغۇچلۇق تولۇقلىغۇچىغا چوقۇم as قوشۇلىدۇ. قىسقارتىشقا بولمايدۇ. بۇ خىل پېئىللاردىن كۆپ ئۇچرايدىغىنىدىن describe, represent, depict, qualify, define, fancy, imagine, accept, recognize, criticize, denounce, bleame, mock, value, admire, regard, rank قاتارلىقلار بار.

(1) They fancied their leader as a god.

ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ رەھبىرىگە تەڭرىگە چوقۇنغاندەك چوقۇنىدۇ.

(2) They described the place as a paradise.

ئۇلار بۇ يەرنى جەننەت دەپ تەسۋىرلىشتى.

(3) They valued it as a precious gift.

ئۇلار بۇنى ئەڭ قىممەتلىك سوۋغا دەپ قاراشتى.

(4) They rank him as a great poet.

ئۇلار ئۇنى ئۇلۇغ شائىر قاتارىدا كۆردى.

(5) They blamed the policy as a great mistake.

ئۇلار بۇ تۈرلۈك سىياسەتنى چوڭ خاتالىق دەپ ئەيىبلەشتى.

3. يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ھەر قايسى پېئىللارنىڭ كەينىدىكى for بەزىدە as نىڭ ئورنىغا ئالمىشىدۇ. مەسىلەن:

(1) They knew him for a villain.

ئۇلار ئۇنىڭ بىر يارىماس ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ.

(2) They branded John for a hypocrite.

ئۇلار جوننى ساختىپەز دەپ قارايدۇ.

(3) He chose her for a wife.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇ ئۇنى خوتۇنلۇققا تاللىدى.

(4) We nominated him for a leader.

بىز ئۇنى رەھبەرلىككە سايلىدۇق.

## 61 - جۈملە شەكلى

| | S+vt | n./pron. | advevb of place |
|---|---|---|---|
| 1 | *He called* | *me* | *back.* |
| 2 | *I send* | *the child* | *home.* |
| 3 | *He let* | *us* | *in.* |
| 4 | *He pulled* | *me* | *aside.* |
| 5 | *Did you find* | *them* | *in.* |
| 6 | *I want* | *it* | *back right now.* |

【تەرجىمىسى】

1. ئۇ مېنى قايتىپ كېلىشكە دەۋەت قىلدى.
2. مەن بالىنى ئۆيگە ئاپىرىپ قوياي.
3. ئۇ بىزنى كىرگىلى قويىدى.
4. ئۇ مېنى بىر تەرەپكە ئىتتىرىپ قويىدى.
5. سەن ئۇلارنىڭ ئۆيدە بارلىقىنى بايقىدىڭمۇ؟
6. مەن ئۇنى دەرھال قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىمەن.

【تەھلىل】

1. بۇ خىل جۈملە شەكلى بولسا: ئىگە+ئۆتۈملۈك پېئىل+ئىسىم/ئالماش (بىۋاسىتە تولدۇرغۇچى)+ئورۇن رەۋىش (تولدۇرغۇچلۇق تولۇقلىغۇچى) بولىدۇ.

# 62 - جۈملە شەكلى

| | S+vt | n./pron. | prep.(phrase) |
|---|---|---|---|
| 1 | *they put* | *everything* | *in order.* |
| 2 | *They set* | *the prisoners* | *at liberty.* |
| 3 | *My mother kept* | *us* | *in good health.* |
| 4 | *The doctor got* | *me* | *on the diet.* |
| 5 | *She considered* | *herself* | *above others.* |
| 6 | *We could hear* | *the children* | *at play outside.* |

**【تەرجىمىسى】**

1. ئۇلار بىر قىسىم ئىشلارنى تەرتىپلىك ئورۇنلاشتۇردى.
2. ئۇلار جىنايەتچىنى قويىۋەتتى.
3. ئانام بىزنىڭ تەن-سالامەتلىكىمىزنى ناھايىتى ياخشى چوڭ قىلغان.
4. دوختۇر مېنى ئورۇقلاشقا بۇيرۇدى.
5. ئۇ دائىم ئۆزىنى باشقىلاردىن ئۈستۈن قويىدۇ.
6. ئۇلار بالىلارنىڭ سىرتتىكى ئاۋازلىرىنى ئاڭلىيالايدۇ.

**【تەھلىل】**

1. جۈملە شەكلى: ئىگە+ئۆتۈملۈك پېئىل+ئىسىم/ ئالماش (ۋاسىتىلىك تولدۇرغۇچى)+ئۇلانما (سۆز بىرىكمىسى).
2. جۈملە ئوتتۇرىدا ئۇلانما (سۆز بىرىكمىسى) بولغانلىقى ئۈچۈن تولدۇرغۇچى سۆز توقۇلۇقلىغۇچى سۆز بولىدۇ.
3. ئەگەر ئالدى قوشۇلغۇچىلۇق سۆز بىرىكمىسى تولدۇرغۇچى بولغاندا بىر قىسىم ئۇلانمىلار بولۇپمۇ «of» بەزىدە چۈشۈپ قالسا بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

(1) He found them (of) the same shape.
(2) I saw it (of) no use.

## 63 - جۈملە شەكلى

| | S+vt | it | adj./n. | clause/phrase, etc |
|---|---|---|---|---|
| 1 | *Do you think* | *it* | *odd* | *that I should live alone?* |
| 2 | *People no longer consider* | *it* | *strange* | *for men to let their hair grow long.* |
| 3 | *Everyone thought* | *it* | *very foolish* | *of you to climb the mountaing without a guide.* |
| 4 | *I think* | *it* | *a scandal* | *that there's so much racial prejudice still about.* |
| 5 | *Don't you consider* | *it* | *wrong* | *to cheat in examinations?* |
| 6 | *One day they think* | *it* | *right* | *to thank us for all we've done.* |

【تەرجىمىسى】

1. سەن مېنىڭ تەنھالىقتىكى تۇرمۇشۇمنى غەلىتە دەپ قارامسەن؟
2. كىشىلەر ئەمدى ئەرلەرنىڭ ئۇزۇن چاچ قويۇشىنى غەلىتە ئىش دەپ قارىمايدىغان بولدى.
3. كىشىلەر سېنىڭ يول باشلىغۇچى يوق ئەھۋال ئاستىدا تاغقا يامىشىشىڭنى ناھايىتى ئەخمىقانىلىق دەپ قارايدۇ.
4. بۇنچىلىك كۆپ مىللى كەمسىتىشنىڭ ھېلىمۇ مەۋجۇت بولۇشى كىشىنى تولىمۇ ئازابلايدۇ، دەپ قارايمەن.
5. سەن ئىمتىھاندا ساختىپەزلىك قىلىشنى خاتالىق دەپ قارىمامسەن؟
6. بىر كۈنى ئۇلار بىزنىڭ قىلغان ئىشلىرىمىزنىڭ

توغرىلىقىنى بىلىپ قالىدۇ.

**【تەھلىل】**

1. جۈملە شەكلى: ئىگە + ئۆتۈملۈك پېئىل+it+ ئىسىم /سۈپەت (تولدۇرغۇچى)+بېقىندى جۈملە/ سۆز بىرىكمىسى (ھەقىقىي تولدۇرغۇچى).

2. جۈملە ئوتتۇرىسىدا it شەكىلدىكى تولدۇرغۇچى بولىدۇ. چۈنكى ھەقىقىي تولدۇرغۇچى نىسبەتەن ئۇزۇن بولۇپ، جۈملىنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاش ئۈچۈن ئۇنى يۆتكەپ itنىڭ ئورنىدا تولدۇرغۇچى قىلىپ ئىشلىتىشكە بولىدۇ.

# ئىككىنچى بۆلەك 16 خىل ئالاھىدە جۈملە شەكلى

ئالاھىدە جۈملە شەكلى دېگىنىمىز: ئاساسىي جۈملە شەكلىگە قارىتا ئېيتىلغان سۆز بولۇپ، بىرىنچى قىسىمدىكى ئاساسىي جۈملە شەكلى ئۇقۇمىغا جۈملە بۆلەكلىرىدىن قۇرۇلغان جۈملە شەكلى دەپ تەبىر بەرگەن. ئاساسىي جۈملە تەركىبى ئىگە، باغلىغۇچى پېئىل، ئۆتۈمسىز پېئىل، ئۆتۈملۈك پېئىل، تولدۇرغۇچى، تولۇقلىغۇچى تولدۇرغۇچىلار بىلەن كەسمە خەۋەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىر مۇكەممەل جۈملە ئاز بولغاندا ئىككى ئاساسىي بۆلەك، كۆپ بولغاندا تۆت ئاساسىي بۆلەكنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىراق ئىنگلىز تىلىدىكى جۈملە شەكلى بولسا ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. ئاساسىي جۈملە بۆلىكىنىڭمۇ ئۆزىنىڭ تەۋەلىك تەركىبى بولۇپ، ئېنىقلىغۇچى بولۇپ، ئېنىقلىغۇچى بېقىندى جۈملە، ھالەت بېقىندى جۈملىگە ئوخشايدۇ. بۇ ئېنىقلىغۇچىلار مەنە جەھەتتىن ئىنتايىن مۇھىم، ئەمما قۇرۇلما جەھەتتىن جۈملىنىڭ بىر پۈتۈنلۈكىگە تەسىر كۆرسەتمەيدۇ. بۇ ئېنىقلىغۇچىلارنى ئېلىۋەتكەندىن كېيىن يەنىلا جۈملىنىڭ پۈتۈنلۈكىگە تەسىر كۆرسەتمەيدۇ. ئاساسىي جۈملە شەكلىدە يەنە بىر خىل بۆلەك بولۇپ باشقا سۆزلەر بىلەن گرامماتىكىلىق مۇناسىۋەت يوق، چىقىرۋەتسەكمۇ جۈملىنىڭ بىر پۈتۈنلۈكىگە تەسىر كۆرسەتمەيدۇ. ئادەتتە ئۇ مۇستەقىل جۈملە بۆلىكى دەپ ئاتىلىدۇ. ئاساسىي جۈملە شەكلىدە بەزى ۋاقىتتا ئاساسىي جۈملە شەكلىدە مەلۇم بىر تەركىبنى تەكىتلەش ئۈچۈن مۇشۇ تەركىبنى ئالدىغا يۆتكەپ ئەتۇر جۈملە شەكلىنى شەكىللەندۈرۈشكە بولىدۇ. بەزىدە بەزى بۆلەكلەر قىسقارتىۋېتىلىدۇ. گەرچە بۇ بۆلەكلەر

دېيىلمىسمۇ مەلۇم مەنىسى بار. بۇنىڭدىن سىرت ئۇزۇن مۇددەتلىك تىل ئەمەلىيىتى جەريانىدا يەنە بىر خىل ئادەت خاراكتېرلىك ئىشلىتىش ئۇسۇلى بارلىققا كەلگەن بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئالاھىدە مەنىسى بار. مۇشۇلارنى ئومۇملاشتۇرۇپ بىز ئالاھىدە جۈملە شەكلى دەپ ئاتايمىز.

### 1. مۇناسىۋەت سۆز قۇرۇلمىلىق جۈملە (ئېنىقلىغۇچى بېقىندى جۈملە)

**【ئۆلگىلىك جۈملىلەر】**

1. He that would eat the fruit must climb the tree.
2. He is a man who teaches us.
3. You are the man whom (that) I have been looking for.
4. This is a man to whom I referred.
5. It is a question that needs careful consideration.
6. The train which has just left is for Xi'an.
7. It is the season when the mango is in.
8. It is the place where we study.
9. The reason (why) he did not come is not clear.
10. I want the same book as you read.
11. Such people as you describe are rare nowadays.
12. She looked at the burned house, which had been her home.
13. They carried Alan, who was half dead, to the hospithal.
14. Singapore, where I lived for six years, is a nice place.
15. He came to the United States in 1914, when World War I broke out.

**【تەرجىمە】**

1. مېۋە يېيىشنى ئويلىساڭ، دەرەخكە ياماش.
2. ئۇ بىزنى تەربىيىلىگەن ئادەم.
3. سەن، مەن ئىزدەۋاتقان ئادەم.

www.uyghurkitap.com

4. بۇ مەن تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن ھېلىقى ئادەم شۇ.
5. بۇ ئەستايىدىل مۇلاھىزە قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلە.
6. ھازىر توختىغان پويىز شىئەندىن كەلگەن.
7. بۇ بولسا ماڭگو بازارغا چىقىدىغان پەسىل.
8. بۇ بولسا بىز ئۆگىنىدىغان جاي.
9. ئۇنىڭ كەلمەسلىكىدىكى سەۋەب ئانچە ئېنىق ئەمەس.
10. مەن سەن كۆرگەن ھېلىقى كىتابنى كۆرۈشنى ئويلاۋاتىمەن.
11. سەن سۈرەتلىگەن ئادەم ھازىر ئاز ئۇچرايدۇ.
12. ئۇ ئوت كۆيۈۋاتقان ئۆينى كۆردى، كۆيۈۋاتقىنى ئۇنىڭ ئۆيى دېدى.
13. ئۇلار ئالەننى دوختۇرخانىغا ئاپارغاندا، ئۇ يېرىم ئۆلۈك ھالەتتە ئىدى.
14. سىنگاپور بولسا ياخشى جاي، مەن ئۇ يەردە ئالتە يىل تۇرغان.
15. ئۇ 1914-يىلى ئامېرىكىغا كەلگەن، ئۇ يىلى بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى پارتلىغان ئىدى.

**【تەھلىل】**

1. مۇناسىۋەت سۆزلىرى ئاساسلىقى مۇناسىۋەت ئالماشلىرى بىلەن مۇناسىۋەت رەۋىشلىرىگە مۇناسىۋەتلىك. مۇناسىۋەت ئالماشلىرى who, whom, that, which نى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. when, why, where مۇناسىۋەت رەۋىشىدۇر.

2. مۇناسىۋەت سۆزلەر كەلتۈرۈپ چىقارغان جۈملە ئاساسلىقى ئېنىقلىغۇچى بېقىندى جۈملە بولىدۇ. ئۇ چەكلىمە خاراكتېرىدىكى ئېنىقلىغۇچى بېقىندى جۈملە ۋە چەك قويۇلمىغان ئېنىقلىغۇچى بېقىندى جۈملە دەپ ئىككىگە بۆلىنىدۇ. چەكلىمە خاراكتېرىدىكى ئېنىقلىغۇچى بېقىندى جۈملە (Restrictive Attributive Clause) ئېنىقلايدىغان سۆز بىر ياكى

بىر خىل ئالاھىدە ئادەم ياكى نەرسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئەگەر بۇلارنى جۈملىدىن چىقىرىۋەتسەك، پۈتكۈل جۈملە ئەسلى مەنىسىنى يوقىتىپ قويىدۇ. مەسىلەن:

(1) There are many plays which I'd like to see. (ئەسلى جۈملە)

مېنىڭ نۇرغۇن ئويۇنلارنى كۆرگۈم بار.

(2) There are many plays. (بېقىندى جۈملە ئېلىۋېتىلگەن جۈملە)

بۇ يەردە نۇرغۇن ئويۇنلار بار.

چەك قويۇلمىغان ئېنىقلىغۇچى بېقىندى جۈملە (Non—Restrictive Attributive Clause) پەقەت ئېنىقلىنىدىغان سۆزگە نىسبەتەن يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلەپ ئېنىقلىما بېرىدۇ. بۇنى جۈملىدىن ئېلىۋەتسىمۇ، جۈملىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى ئۆزگەرمەيدۇ. مەسىلەن:

(1) She, who went to the United States, was my good friend.

ئۇ مېنىڭ ئامېرىكىغا كەتكەن ياخشى دوستۇم.

(2) She was my good friend.

ئۇ مېنىڭ ياخشى دوستۇم ئىدى.

3. چەك قويۇلغان تولدۇرغۇچى بېقىندى جۈملە، ئەگەر ئادەمنى ئېنىقلىسا، ئادەتتە who, whom, that قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك ئالماشلار ئىشلىتىلىدۇ. ئەگەر بۇ مۇناسىۋەت ئالماشلىرى بېقىندى جۈملىدە ئىگە بولۇپ كەلسە، كۆپرەك who ئىشلىتىلىدۇ. لېكىن، بەزىدە that مۇ ئىشلىتىلىدۇ. ئەگەر تولدۇرغۇچى بولۇپ كەلسە، چۈشۈم كېلىش whom ياكى that ئىشلىتىلىدۇ. لېكىن، ئالدى قوشۇلغۇچىدىن كېيىن چوقۇم whom ئىشلىتىلىدۇ (مەسىلەن: 4-جۈملە). تولا ئەھۋاللاردا مۇناسىۋەت ئالماشلىرى بېقىندى جۈملىدە تولدۇرغۇچى بولۇپ كېلىدۇ، whom ياكى that نى چۈشۈرۈپ قويۇشقا بولىدۇ. ئېغىز تىلىدا who نى whom ئورنىغا ئىشلىتىشكە بولىدۇ. مەسىلەن:

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

(1) He is a man (that) you can safely depend on.
ئۇ سىز ئىشەنسىڭىز بولىدىغان ئادەم.
(2) The girl who I spoke to is my cousin.
مەن بايا سۆزلەشكەن قىزچاق مېنىڭ نەۋرە سىڭلىم بولىدۇ.
4. چەكلىمىلىك تولدۇرغۇچى بېقىندى جۈملە ئەگەر «نەرسە» نى ئىپىنقىلىسا، that ۋە which لار ئىشلىتىلىدۇ. that نىڭ ئىشلىتىلىشى بىر ئاز كۆپ (مەسىلەن: 5-، 6-جۈملە). مۇناسىۋەت ئالماشلىرى بېقىندى جۈملىدە تولۇقلىغۇچى بولغاندا كۆپ قىسىم ئەھۋاللاردا چۈشۈپ قالىدۇ. بولۇپمۇ ئېنىقلىنىدىغان سۆز all, everything قاتارلىقلار بولغاندا. مەسىلەن:
(1) Have you everything (that) you need?
سىزگە كېرەكلىك نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى بارمىكەن؟
(2) All (that) you have to do is to press the button.
سىز توك كۇنۇپكىسىنى بىر باسسىڭىزلا بولىدۇ.
لېكىن ئالدى قوشۇلغۇچى پەقەت which نى ئىشلىتەلەيدۇ. ئېغىز تىلىدا ئادەتتە ئالدى قوشۇلغۇچى بېقىندى جۈملىنىڭ كەينىگە قويۇلىدۇ. بۇ چاغدا that نى ئىشلىتىشكە بولىدۇ.
(1) This is a question about which we have to discuss.
بۇ بىز مۇزاكىرە قىلمىساق بولمايدىغان مەسىلە.
(2) This is a question that we have to discuss about.
بۇ بىز ئويلانمىساق بولمايدىغان مەسىلە.
5. چەكلىمىلىك ئېنىقلىغۇچى بېقىندى جۈملە ۋاقىتنى بىلدۈرىدىغان سۆزنى ئېنىقلاپ كېلىدۇ. بۇ چاغدا مۇناسىۋەت رەۋىشى when ئىشلىتىلىدۇ (مەسىلەن: 7-جۈملە). يەنە خېلى نۇرغۇن چاغلاردا when ئىشلىتىلمەيدۇ. بولۇپمۇ بەزى جۈملە شەكلى ياكى ۋاقىت ھالەتلىرىدە ئىشلىتىلمەيدۇ. مەسىلەن:
(1) Come any time you like.
سىز قانداق ۋاقىتتا كەلسىڭىز بولىۋېرىدۇ.

(2) This was the first time I had been to Beijing.

بۇ مېنىڭ تۇنجى قېتىم بېيجىڭغا بېرىشىم.

6. چەكلىملىك ئېنىقلىغۇچى بېقىندى جۈملە يەر-جاينى بىلدۈرىدىغان ئىسىمنى ئېنىقلاپ كەلگەندە مۇناسىۋەت رەۋىشى where ئىشلىتىلىشى كېرەك (مەسىلەن: 8-جۈملە). where بىر رەۋىش بولۇپ، جۈملىدە ھالەتلىك رول ئوينايدۇ، ئەگەر جۈملىدە ھالەتلىك رول ئوينىمىسا، ئۇنى ئىشلىتىشكە بولمايدۇ. مەسىلەن:

(1) This is a place (which) I have long wanted to visit.

بۇ مەن ئۇزۇندىن بېرى بېرىشنى ئويلىغان يەر.

where بەزىدە قىسقارتىلىدۇ. مەسىلەن:

(2) This is a place (where) we always meet.

بۇ بىز دائىم كۆرۈپ تۇرىدىغان يەر.

7. ئىسىم reason دىن كېيىن كېلىدىغان ئېنىقلىغۇچى سۆزلەر ئادەتتە why تەرىپىدىن قوزغىتىلىدۇ. why چۈشۈپ قالسىمۇ بولىدۇ (مەسىلەن: 9-جۈملە).

8. چەكلىمىسىز ئېنىقلىغۇچى بېقىندى جۈملە ئادەمنى ئېنىقلاپ كەلگەندە، who، whom ياكى whose لار ئىشلىتىلىدۇ، نەرسىنى ئېنىقلاپ كەلسە which ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن: 12-، 13-جۈملە، where ياكى when لارمۇ چەكلىمىسىز ئېنىقلىغۇچى بېقىندى جۈملە شەكلىنى ھاسىل قىلالايدۇ (مەسىلەن: 14-، 15-جۈملە).

9. as مۇ ئېنىقلىغۇچى بېقىندى جۈملىنى قوزغىتالايدۇ. كۆپ ھاللاردا such، the same لار بىلەن بىللە كېلىدۇ (مەسىلەن: 10-، 11-جۈملە). بەزىدە that بىلەن the same بىرلىكتە ئىشلىتىلىدۇ. the same...as ئوخشاش خىلدىكى، ئوخشاش تۈردىكى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. the same...that ئوخشاش بىر نەرسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

(1) This is the same watch as you have.

بۇ سىزنىڭ سائىتىڭىزگە ئوخشايدىكەن.

(2) This is the same watch that I have lost.

بۇ مېنىڭ يىتتۈرۈپ قويغان سائىتىمگە ئوخشايدىكەن.

10. ئادەتتىكى ئەھۋال ئاستىدا، ئېنىقلىغۇچى بېقىندى جۈملە ئىسىم ياكى ئالماشنى ئېنىقلاپ كېلىدۇ. بىراق بەزىدە پۈتۈن بىر جۈملىنىمۇ ياكى مەلۇم بۆلىكىنى ئېنىقلاپ كېلەلەيدۇ. مەسىلەن:

(1) They turned a deaf ear to our demands, which enraged all of us.

ئۇلار بىزنىڭ تەلىپىمىزگە پەرۋا قىلمىدى، شۇڭا ھەممىمىزنىڭ غەزىپى ئۆرلىدى.

(2) She was very patient towards the children, which her husband seldom was.

ئۇ بالىلىرىغا ناھايىتى ئېغىر بېسىق مۇئامىلە قىلىدۇ. لېكىن ئۇنىڭ يولدىشى دائىم ئۇنداق قىلالمايدۇ.

### 2. نەتىجە قۇرۇلما جۈملە

**【ئۈلگىلىك جۈملە】**

1. He speaks so fast that I can't understand him.
2. He studied hard (so) that he finally succeeded.
3. What's the matter that they still haven't answered our telegram?
4. He spoke with such eloquence (that) they were moved.

**【تەرجىمە】**

1. ئۇ گەپنى مەن چۈشىنەلمىگۈدەك دەرىجىدە تېز سۆزلىدى.

2. ئۇ قېتىرقىنىپ ئۆگەنگەچكە، ئاخىرىدا غەلىبە قىلدى.

3. ئۇلار نېمىشقا بىزنىڭ تېلېگراممىمىزغا جاۋاب قايتۇرمايدىغاندۇ؟

4. ئۇنىڭ تەسىرلىك نۇتۇقى ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى تەسىرلەندۈردى.

【تەھلىل】

1. نەتىجە قوزغۇلما جۈملە ئادەتتە so that, so...that, such...that قاتارلىق سۆزلەردىن ھاسىل بولىدۇ.

2. such...that بىلەن so... that سۆزلەرنىڭ ھەممىسى «دەك، تەك» دەپ تەرجىمە قىلىنىسمۇ، لېكىن پەرقى بار. such ئىسىمنىڭ ئالدىدا كېلىدۇ. so سۈپەت ياكى رەۋىشنىڭ ئالدىدا كېلىدۇ. مەسىلەن:

(1) We raised such a cry that help came at once.

بىر مۇشۇنداق قاتتىق چاقىرغاچقا، دەرھال ياردەمگە ئېرىشتۇق.

(2) We cried so loud that help came at once.

بىز مۇشۇنداق قاتتىق ۋارقىرىغاچقا، دەرھال ياردەمگە ئېرىشتۇق.

3. such, that گە زىچ ئەگىشىپ كېلىدۇ. such نىڭ مەنىسى so great بىلەن ئوخشاش بولىدۇ.

The difference is such that all will perceive it.

پەرقى چوڭ بولسا، ھەممە ئادەم ھېس قىلالايدۇ.

4. so...that جۈملە شەكلىدە، بەزىدە that دىن ھاسىل بولغان بېقىندى جۈملىنى ئالدىغا چىقىرۋېتىشكە بولىدۇ. مەسىلەن:

I don't know what to do, I feel so happy.

=I feel so happy that I don't know what to do.

مەن شۇنچىلىك خۇشال بولۇپ كەتكەنلىكىمدىن نېمە قىلىشنى ئۇقالماي قالدىم.

5. so...as to جۈملە شەكلى بىلەن so...that ئوخشاشلا نەتىجىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

I got up so early as to be in time for school.
مەن مەكتەپكە ۋاقتىدا بېرىش ئۈچۈن مۇشۇنداق ئەتىگەن تۇرۇپ كەتتىم.

6. so that جۈملە شەكلىدە بەزىدە that چۈشۈپ قالىدۇ. so يالغۇز ئىشلىتىلىسىمۇ ئوخشاشلا نەتىجىنى بىلدۈرىدۇ.

The day is cloudy, so that (=so) we can not take good pictures.
=The day is so cloudy that we can't take good pictures.
ھاۋا بەك تۇتۇق بولغاچقا، بىز رەسىم تارتالمىدۇق.

## 3. سەۋەب قوشۇلمىلىق جۈملىلەر

【ئۈلگىلىك جۈملە】

1. As it is so easy, you can do it at once.
2. I do it because I like it.
3. Since no one is against it, we'll adopt the proposal.
4. Now that everything is ready, we must hesitate no more.
5. He shall be pardoned seeing that he is very young.
6. He failed, not that he was lazy, but he was ill.

【تەرجىمە】

1. چۈنكى بۇ ناھايىتى ئاسان، شۇڭا بۇنى ناھايىتى ئاسانلا ئىشلىيەلەيسەن.
2. مەن قىزىققىنىم ئۈچۈن بۇ ئىشنى قىلىمەن.
3. ھېچقانداق ئادەم قارشى تۇرمىسىلا، بىز بۇ تەكلىپنى قوللىنىمىز.
4. بارلىق تەييارلىقلار پۈتتى، بىز ئەمدى ئىككىلەنمەيلى.
5. ئۇ چوقۇم كەچۈرۈم قىلىنىدۇ، چۈنكى ئۇ بەك ياش.
6. ئۇنىڭ مەغلۇپ بولۇشى، ئۇنىڭ ھورۇنلۇقىدىن ئەمەس، بەلكى ئاغرىپ قالغانلىقىدىن.

【تەھلىل】

1. سەۋەب قوْرۇلمىلىق جۈملە ئادەتتە as, because, since, seeing that, now that, not that...but that لاردىن تۈزۈلىدۇ.

2. because, as, since ھەممىسى سەۋەبنى ئىپادىلەيدۇ، because كۈچلۈك سەۋەبنى ئىپادىلەيدۇ، as ئاجىز سەۋەبنى ئىپادىلەيدۇ، since ئىككى تەرەپنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرىدۇ.

3. now that «دەرۋەقە» دەپ تەرجىمە قىلىنىدۇ، that چۈشۈپ قېلىپ now يالغۇز ئىشلىتىلسىمۇ بولىدۇ. مەسىلەن:

Now that you have consented, I will let you off.
=Now you have consented, I will let you off.

سەن قوشۇلغاندىكىن، مەن سېنى قويىۋېتىمەن.

4. since كەلتۈرۈپ چىقارغان بېقىندى جۈملە بولسا جۈملە بېشى ۋە جۈملە ئاخىرىسىدا كېلىدۇ. جۈملە بېشىدا كەلگەندە تەلەپپۇزدا سەل ئاجىزلايدۇ. مەسىلەن:

(1) since he has lied to me very often, I cannot believe him any more.

ئۇ مېنى دائىم ئالدىغانلىقتىن، ئۇنىڭغا ئىشىنىشكە ئامالسىز قالدىم.

(2) I shall trust you, since you are always honest.

مەن ساڭا ئىشىنىمەن، چۈنكى سەن باشتىن ئاخىرى ناھايىتى سەمىمىي بولدۇڭ.

5. بىز يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەن كەلتۈرۈپ چىقارغۇچى سۆزلەردىن باشقا يەنە بەزى كەلتۈرۈپ چىقارغۇچى سۆزلەر بار. considering that, in view of the fact that, in that, in as much as, on the ground that, what with...and what with لارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

(1) Considering that they are just beginners, they are doing quite a good job.

ئۇلارنىڭ تېخى ئەمدىلا ئۆگىنىۋاتقانلىقىنى ئېيتساق،

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئۇلارنىڭ قىلغىنى ھەقىقەتەن يامان ئەمەس بولدى.

(2) He is a fool in that he married a slut.

ئۇ بىر شاللاق ئايال بىلەن توي قىلدى، بەك ئەخمەق ئىكەن.

(3) He will resign in as much as he is too old.

ئۇ بەك قېرىپ كەتكەچكە، ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بەرمەكچى.

(4) What with the joy of seeing her son back safe and sound, and what with their good fortune, the boy's mother got well in a few days.

بىر تەرەپتىن ئوغلىنىڭ ساق-سالامەت قايتىپ كەلگەنلىكىدىن، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇلارنىڭ تەلىيىدىن خۇشال بولغان ئانىسى نەچچە كۈننىڭ ئىچىدىلا ياخشى بولۇپ كەتتى.

### 4. ئۆتۈنۈش، يول قويۇش مەنىسىدىكى جۈملىلەر

【ئۈلگىلىك جۈملە】

1. Although he is rich, he is unhappy.
2. Even if he is willing, I will not trouble him.
3. Small as the dog looked, it was vicious.
4. Granted that they weren't right in taking everything on yourself.
5. We'll carry on the work whether we can get the machines we need.
6. He is contented despite that he is poor.

【تەرجىمە】

1. گەرچە ئۇ ناھايىتى باي بولسىمۇ، لېكىن بەختلىك ئەمەس.
2. ئۇ خالىغان تەقدىردىمۇ مەن ئۇنى ئاۋارە قىلمايمەن.
3. بۇ ئىت قارىماققا كىچىك بولسىمۇ، لېكىن ناھايىتى غالجىر.
4. گەرچە ئۇلارنىڭ ئىش بېجىرىش ئۇسۇلى خاتا بولسىمۇ،

سىنىڭ ھەممىسىنى كۆتۈرە ئىلىۋېلىشىڭ خاتا.
5. بىز ئېھتىياجلىق بولغان ئەسۋاب كەلسۇن-كەلمىسۇن، خىزمىتىمىز داۋاملىشىۋېرىدۇ.
6. گەرچە ئۇ ناھايىتى نامرات بولسىمۇ، لېكىن روھى باي.
【تەھلىل】
1. ئۆتۈنمە جۈملىلەر although, even if, even though, لاردىن as, granted (grantion), whether, despite that تۈزۈلىدۇ.
2. as «گەرچە» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئىشلىتىلىش جەريانىدا تۆۋەندىكىدەك جۈملە شەكلىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

پېئىل + ئىگە + as {ئارتىكالسىز ئىسىم / سۈپەت / رەۋىش / ئۆتكەن زامان تارماق شەكلى}

(1) Fool as he is, he is very honest.
گەرچە ئۇ ئەخمەق بولسىمۇ، لېكىن ناھايىتى سەممىي.
(2) Young as he is, he is very careful.
گەرچە ئۇ ناھايىتى ياش بولسىمۇ، لېكىن ناھايىتى ئېھتىياتچان.
(3) Much as I want to go there, my father will not allow me to do so.
مېنىڭ ئۇ يەرگە ناھايىتى بارغۇم بولسىمۇ، دادام مېنى بارغىلى قويمىدى.
(4) Surrounded as he was by the enemy, he would not give in.
گەرچە ئۇ قورشاۋدا قالغان بولسىمۇ، ئەل بولمايدۇ.
3. سوئال سۆزلىرى بولغان ئۆتۈنمە جۈملىلەر، كۆپ ۋاقىتلاردا «قارىماي» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

www.uyghurkitap.com

(1) No matter what you say, I can't believe.
سەن نېمىلا دېيىشىڭدىن قەتئىنەزەر، مەن ساڭا ئىشەنمەيمەن.

(2) However you do it, you will get nothing.
سەن قانداقلا ئىشلىشىڭدىن قەتئىينەزەر ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەيسەن.

(3) Whichever road we take, we shall be too late.
بىز قايسىلا يول بىلەن مېڭىشىمىزدىن قەتئىينەزەر كېچىكىپ قالىمىز.

4. يول قويۇش مەنىسىدىكى سۆزلەرنى ئىپادىلەيدىغان سۆزلەر مۇنۇلار: ...

4. يۇقىرىدا سۆزلەنگەن يېتەكچى سۆزلەردىن باشقا يەنە لارمۇ بار. admitting, inspite of the fact that, while

(1) While I object, I say nothing.
گەرچە مەن قارشى چىققان بولساممۇ، لېكىن ھېچنېمە دېمىدىم.

(2) He is still unsatisfied in spite of the fact that he has got everything.
گەرچە ئۇ ھەممىگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، يەنىلا رازى بولمايدۇ.

(3) Admitting it is true, what is wrong?
ئەلۋەتتە بۇ ھەقىقەت، زادى نېمە ئىش بولدى؟

## 5. مەقسەت قوشۇلمىلىق جۈملە

【ئۆلگىلىك جۈملە】

1. He works hard in order that he may pass the exam.
2. I waved so that they could see.
3. He Jotted the name down for fear that he should forget it.
4. We work hard lest we should fail.
5. Better take more clothes in case the weather is cold.

6. Let's take the front seats that we may see more clearly.

【تەرجىمە】

1. ئۇنىڭ تىرىشىپ ئۆگىنىشتىكى مەقسىتى بۇ قېتىمقى ئىمتىھاندىن ئۆتۈش.

2. مېنىڭ قول پۇلاڭلىتىشىم ئۇلارنىڭ مېنى كۆرۈشى ئۈچۈن.

3. ئىسمىنى ئۇنتۇپ قالماسلىق ئۈچۈن يېزىۋالدى.

4. بىزنىڭ تىرىشىپ ئىشلىشىمىز مەغلۇپ بولماسلىق ئۈچۈن.

5. سوغۇق ئۆتۈپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئەڭ ياخشىسى كۆپرەك كىيىم ئېلىۋېلىڭ.

6. ئەڭ ياخشىسى ئالدىدىراق ئولتۇرايلى، بۇنداق قىلساق تېخىمۇ ئېنىق كۆرەلەيمىز.

【تەھلىل】

1. مەقسەت قۇرۇلمىلىق جۈملە ئادەتتە in order that, so that, that, for fear that, lest, in case لاردىن تەركىب تاپىدۇ.

2. so that, that مۇ نەتىجىنى ئىپادىلەيدۇ. «نەتىجىسى... ، شۇنىڭ ئۈچۈن...» قاتارلىق مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ. مەقسەت قۇرۇلمىلىق جۈملىدە ئۇلار «مەقسەتنى ئىپادىلەيدۇ» «مەقسىتى بولسا... ، ئۈچۈن...» دەپ تەرجىمە قىلىنىدۇ. سېلىشتۇرۇڭ:

(1) I got up early so that I was in time for school.

مەن ئورنۇمدىن بالدۇر تۇرغانلىقىم ئۈچۈن مەكتەپكە ۋاقتىدا بارالىدىم.

(2) I got up early so that I could be in time for school.

مەكتەپكە ۋاقتىدا بېرىش ئۈچۈن، مەن ناھايىتى بالدۇر ئورنۇمدىن تۇردۇم.

3. يۇقىرىدا ئېيتىلىپ ئۆتكەن كەلتۈرۈپ چىقارغۇچى سۆزلەردىن باشقا تۆۋەندىكى بىر قىسىم كەلتۈرۈپ چىقارغۇچى سۆزلەر مەقسەت قۇرۇلما جۈملىسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. in the hope that, on purpose that, for purpose that, to the end that, till قاتارلىقلار.

(1) We fight on till we achieve independence.

بىز مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈپ بولغۇچە توختىماي كۆرەش قىلىمىز.

(2) He works hard in the hope that he may succeed.

ئۇ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئۈچۈن تىرىشىپ خىزمەت قىلىۋاتىدۇ.

(3) We hid away the apples for purpose that the children couldn't see them.

بالىلارنىڭ ئالمىلارنى كۆرۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن بىز ئالمىنى يوشۇرۇپ قويدۇق.

## 6. شەرت قۇرۇلمىلىق جۈملە

【ئۈلگىلىك جۈملىلەر】

1.If it rains, I shall not go out.

2. Supposing we can't get the necessary equipment, what shall we do?

3. Provided you give me a receipt, I will pay the rent.

4. So long as one is honest, one can get along in any case.

5. We'll let you use the room on con dition that you keep it clean and tidy.

6. Send us a message in case you have any difficulty.

7. She would have fallen but that I caught her.

8. Once I arrived home, I forgot all trouble.

9. Unless you give up smoking, you will suffer from cancer.

【تەرجىمە】

1. ئەگەر يامغۇر ياغسا، مەن سىرتقا چىقمايمەن.

2. ئەگەر بىز زۆرۈر بولغان ئەسۋابلارغا ئېرىشەلمىسەك كېيىن قانداق قىلىمىز.

3. سەن ماڭا ھۆججەت چىقىرىپ بەرسەڭ، مەن ئۆي ئىجارىسىنى تۆلەيمەن.

4. ئەگەر بىر ئادەم سەمىمىي بولسا، ئۇ ھەر قانداق شارائىتتا باشقىلار بىلەن چىقىشىپ ئۆتەلەيدۇ.

5. ئەگەر سىلەر بۇ ئۆينى پاكىز تۇتالىساڭلارلا، بىز بۇ ئۆينى سىلەرنىڭ ئىشلىتىشىڭلارغا بېرىمىز.

6. مۇبادا سىلەرنىڭ بىرەر قىيىنچىلىقىڭلار بولسا بىزگە دەڭلار.

7. مەن ئۇنى تۇتىۋالمىغان بولسام ئۇ يىقىلىپ كېتەتتى.

8. ئۆيگە قايتىپ كېلىپلا بارلىق ئاۋارىچىلىقلارنى ئۇنتۇپ كەتتىم.

9. ئەگەر سەن تاماكا تاشلىمىساڭ، ئۆپكە راكىغا گىرىپتار بولىسەن.

【تەھلىل】

1. شەرت قۇرۇلمىلىق جۈملە if, unless, suppose (supposed, supposing), in case, so (as) long as, so far as, on condition (that), provided (that), once, but (that) لاردىن تەركىب تاپىدۇ.

2. شەرت قۇرۇلمىلىق جۈملە ئىككى خىل بولىدۇ. بىر خىلى ھەقىقىي شەرت جۈملە، يەنە بىر خىلى مەۋھۇم شەرت جۈملە، ئەگەر پەرەز قىلىنغان ئەھۋالنىڭ يۈز بېرىش مۇمكىنچىلىكى چوڭ بولمىغان ئەھۋالدا، بۇ خىل جۈملە مەۋھۇم

شــەرت جــۈملە بولىدۇ. مەۋھۇم شەرت جۈملە توغرىسىدا بىز كېيىــن مــەۋھــۇم شــەرت قــۇرۇلــمىلىق جۈملىدە تەپسىلىي توختىلىمىز. بۇ يەردە ئارتۇق سۆزلىمەيمىز.

3. if خېتىدىن تۈزۈلگەن شەرت بېقىندى جۈملىدە if بىلەن كــەلگەن، بېقىندى جۈملە يەنە باش جۈملىنى (بېقىندۇرغۇچى جۈملىنى) بىلدۈرۈپ كۈچەيتىش ئىنتوناتسىيىسىدىمۇ كېلىدۇ.

مەسىلەن:

If ever there was a hero, I saw one.

ئەگەر بۇ يەردە بىر قەھرىمان بولغان دېيىلسە، مەن چوقۇم ئۇنى كۆرگەن بولاتتىم.

if خــېــتــى بــىــلــەن كــەلــگەن بېقىندى جۈملە ماختاش، قــۇۋۋەتــلــەشــنــىمــۇ، شــۇنــداقلا تەنقىدلەشنىمۇ بىلدۈرەلەيدۇ.

مەسىلەن:

(1) If I have ever eaten the best food, it was at the Diamond.

ئەگەر مەن ئەڭ ئېسىل تاماقلارنى يېدىم دېسەم، ئۇ چوقۇم ئالماس رېستورانىنىڭ تاماقلىرى.

(2) If the Lucky serves good food, every restaurant does.

ئــەگەر بەخت رېستورانىنىڭ تامىقى ياخشى بولسا، بارلىق رېستورانلارنىڭ تامىقىنى ياخشى دېيىشكە بولىدۇ.

ئەگەر باش جۈملىنىڭ ئالدىدا بىر قانچە if بېقىندى جۈملە بولسا ياكى بېقىندى جۈملە بىر قەدەر ئۇزۇن بولسا، then نى قوشۇشقا بولىدۇ.

If she agrees, if her parents do not refuse, and if I have been graduated, then I will marry her.

ئەگەر ئۇ قوشۇلسا، ئاتا-ئانىسى قارشى تۇرمىسا، ئەگەر مەن ئوقۇش پۈتتۈرۈپ بولسام، ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىمەن.

گاھىدا if بېقىندى جۈملىدىكى ئىگە بىلەن پېئىلنى تەڭلا قىسقارتىۋېتىشكە بولىدۇ. مەسىلەن:

(1) If necessary, call a doctor.

ئەگەر زۆرۈرىيىتى بولسا، دوختۇر چاقىرايلى.

(2) Ask Mary to look after the baby, if possible.

ئەگەر مۇمكىن بولسا، مارىينى بالىغا قاراشقا چاقىرايلى.

4. suppose, supposing, supposed قوْرۇلمىلىق شەرت بېقىندى جۈمىلىلەردە supposing ئادەتتە سوئال جۈملىدە ئىشلىتىلىدۇ.. مەسىلەن:

Supposing it were so, what would you do?

ئەگەر شۇنداق بولسا، سىز قانداق قىلاتتىڭىز؟

## 7. سېلىشتۇرما قوْرۇلمىلىق جۈملە

**【ئۈلگىلىك جۈملىلەر】**

1. He worked as fast as a skilled worker.
2. The project was completed earlier than we had expected.
3. It takes less time to go there by bus than by boat.
4. She knows more history than most people.
5. He behaved even worse than usual.
6. They got there an hour earlier than the others.

**【تەرجىمە】**

1. ئۇ پىشقان ئىشچىلاردەك تېز ئىشلەيدۇ.
2. بۇ قۇرۇلۇش كۈتكىنىمىزدىنمۇ بۇرۇن پۈتتى.
3. ئۇ يەرگە بېرىش ئۈچۈن ئاپتوبۇسقا چىقساق كېمىگە چىققاندىن ئازراق ۋاقىت سەرپ قىلىمىز.
4. ئۇ ھەممە ئادەمدىن كۆپرەك تارىخنى بىلىدۇ.
5. ئۇ ئادەتتىكىدىنمۇ ناچار قىلىقلارنى قىلىشقا باشلىدى.
6. ئۇلار بۇ يەرگە باشقىلاردىن بىر سائەت بۇرۇن كەلگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

**【تەھلىل】**

1. سېلىشتۇرما قۇرۇلمىلىق جۈملىلەردە ئادەتتە than ياكى as سۆزى ئىشلىتىلگەن بولىدۇ.

2. «... بىلەن ئوخشاش...» «... بىلەن ئوخشاش ئەمەس...» تۈردىكى ئوقۇملارنى ئىپادىلىگەندە as...as نى ياكى not so (as) ...as قۇرۇلمىسىنى ئىشلىتىشكە بولىدۇ. ئەمما سۈپەت ۋە رەۋىشنى سېلىشتۇرما دەرىجىسىدە ئەمەس، بەلكى ئەسلى دەرىجىسىدە ئىشلىتىش كېرەك. (1-مىسال جۈملە) يەنە مەسىلەن:

I can't speak so fast as you do.

مەن سەنچىلىك تېز سۆزلىيەلمەيمەن.

ئادەتتىكى ئەھۋاللاردا as...as نى مۇئەييەنلەشتۈرگۈچى جۈملىلەردە، ئىنكار، سوئال جۈملىلەردىمۇ ئىشلىتىشكە بولىدۇ. لېكىن so...as نى پەقەت ئىنكار جۈملىدىلا ئىشلىتىشكە بولىدۇ.

3. than بىلەن كەلگەن سېلىشتۇرما بېقىندى جۈملىلەر «... بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ... تېخىمۇ مۇنداق» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. سۈپەت ياكى رەۋىشلەرگە چۈقۇم سېلىشتۇرما دەرىجىسىنى ئىشلىتىش كېرەك. سۈپەت ۋە رەۋىشلەرنىڭ سېلىشتۇرما دەرىجىسىنىڭ ئاساسلىق ئىككى خىل ئىشلىتىش ئۇسۇلى بار:

(1) تاق بوغۇملۇق ياكى بىر قىسىم قوشما بوغۇملۇقنىڭ كەينىگە er نى قوشۇش ئارقىلىق ياكى e بىلەن ئاخىرلاشقان سۆزلەرگە r نى قوشۇش ئارقىلىق سېلىشتۇرما دەرىجىسى ياسىلىدۇ. ئەگەر سۆز ئاخىرى «y + ئۈزۈك تاۋۇش» بىلەن ئاخىرلاشقان بولسا، يەنى سۆز ئاخىرىسىدىكى ئۈزۈك تاۋۇشقا ئۇلانغان y سوزۇق تاۋۇش [i] ئوقۇلسا، ئۇ ھالدا y تاۋۇشى i غا ئۆزگىرىپ ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاخىرلاشقان سۆزلەردىكى

ئۈزۈك تاۋۇش قوش يېزىلىپ يەنە er قوشۇمچە قوشۇلىدۇ. باشقا سۆزلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ كەينىگە er قوشۇش ئارقىلىق سۈپەتلەرنىڭ سېلىشتۇرما شەكلى ياسىلىدۇ.

(2) بۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر قانچە سۈپەتنىڭ ئالاھىدە سېلىشتۇرما دەرىجە شەكىللىرى بار. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| good, well | better |
| bad, badly | worse |
| many, much | more |
| little | less |
| far | farther, further |
| old | older, elder |

4. سېلىشتۇرما جۈملىلەردە، بەزى تەركىبلەرنى تاشلىۋەتكىلى بولىدۇ. بىراق ئۆزئارا سېلىشتۇرۇلغان قىسىمنى ئىپادىلەش لازىم (مەسىلەن: 3-، 4-جۈملە). يەنە مەسىلەن:

(1) Prevention is better than cure.

كېسەل بولۇشتىن ئاۋۋال ئالدىنى ئال ياكى سۇ كەلگىچە توغان سال.

(2) Facts are more eloquent than words.

پاكىت ھامان سۆزدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ.

5. سېلىشتۇرما جۈملىلەردە، دائىم ئوخشاش ئىككى نەرسە سېلىشتۇرۇلىدۇ، بۇ چاغدا سېلىشتۇرۇلىدىغان نەرسىلەرنى رەتلەپ چىقىش كېرەك. تەكرارلىنىپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، بىز دائىم قاتارلىق that, those, one ئالماشلارنى ئىشلىتىمىز. سانىغىلى بولىدىغان ئىسىمنى one بىلەن، مۇرەككەپ ئىسىمنى those بىلەن، سانىغىلى بولمايدىغان ۋە بەزى سانىغىلى بولىدىغان ئىسىملارنى that بىلەن ئالماشتۇرىمىز. مەسىلەن:

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

(1) The suggestion you made is more practicable than the one Xiao Wu made.

سىزنىڭ تەكلىپىڭىز، شياۋۋۇنىڭ ئويلىغىنىغا قارىغاندا تېخىمۇ ئەمەلىيەتچان ئىكەن.

(2) The girls in your class are more active than those in our class.

سىلەرنىڭ سىنىپتىكى قىزلار، بىزنىڭ سىنىپتىكى قىزلارغا قارىغاندا ئاكتىپ.

(3) In those years our life was worse than that of draught animals.

ئۇ ۋاقىتتا بىزنىڭ تۇرمۇشىمىز ئات، كالىنىڭ تۇرمۇشىغىمۇ يەتمەيتتى.

6. سېلىشتۇرما جۈملىلەردە بىر خىل ھالەت ئارقىلىق دەرىجىنى چۈشەندۈرگىلى بولىدۇ. مەسىلەن:

(1) Petrol is twice as expensive as it was a few years ago.

بېنزىن ئىلگىرىكى بىر قانچە يىلدىكىدىن بىر ھەسسە قىممەت.

(2) You speak far more fluently than I do.

سەن ماڭا قارىغاندا كۆپ راۋان سۆزلەيسەن.

(3) You work much harder than the other girls.

سىز باشقا قىزلارغا قارىغاندا تىرىشىپ ئىشلەيدىكەنسىز.

7. سېلىشتۇرما جۈملىدە، than باشلاپ كەلگەن بېقىندى جۈملىنى قىسقارتىشقا بولىدۇ. مەسىلەن:

(1) Are you feeling better?

خېلى ياخشى بولۇپ قالدىڭىزمۇ؟

(2) I'll try and be more careful in future.

مەن كېيىن چوقۇم دىققەت قىلىمەن.

(3) Please drive more slowly.

كەچۈرۈڭ، تېخىمۇ ئاستىراق ھەيدەڭ.

## 8. شەكىل قۇرۇلمىلىق جۈملە شەكلى

【ئۈلگىلىك جۈملىلەر】

1. Men fear death as children fear the dark.
2. Air is to man what water is to fish.
3. I have changed it as you suggest.
4. I remember the whole thing as if it happened yesterday.
5. I will do it the way I am told.
6. I do business the same as they do.

【تەرجىمە】

1. كىچىك بالا قاراڭغۇدىن قورققاندەك، چوڭ ئادەم ئۆلۈمدىن قورقىدۇ.

2. بېلىق سۇغا موھتاج بولغاندەك، ئادەم ھاۋاغا موھتاج.

3. مەن سىزنىڭ پىكرىڭىز بويىچە ئۇنى ئۆزگەرتتىم.

4. پۈتۈن ئىش خۇددى تۈنۈگۈن يۈز بەرگەندەكلا يادىمدا.

5. مەن دېگىنىمدەك قىلىمەن.

6. مەن ئۇلارغا ئوخشاش سودا قىلىمەن.

【تەھلىل】

1. شەكىل قۇرۇلمىلىق جۈملە as, what, as if, the way, the same as دىن تۈزۈلىدۇ.

2. شەكىل قۇرۇلمىلىق جۈملىدە ئارقىلىق باشلىنىدىغان as ئەھۋال كۆپ. as نىڭ ئالدى رەۋىش بىلەن ئېنىقلىنىدۇ.

I will do it exactly as I am told.

مەن بۇ ئىشنى چوقۇم ئۆزۈم دېگەندەك قىلىمەن.

as يېتەكچىلىكىدىكى بېقىندى جۈملىلەردە ياردەمچى سۆزلەر ئىگىنىڭ ئالدىدا كېلىدۇ ۋە پۈتۈن خەۋەرگە ۋەكىللىك قىلالايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

She learns English, as do many other girls.

ئۇ نۇرغۇن قىزلارغا ئوخشاش، ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىدۇ.

3. ئېغىز تىلىدا بەزى ۋاقىتتا as بولساlike نىڭ ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ.

I will do it like you do.

مەن ساڭا ئوخشاش قىلىمەن.

## 9. ۋاقىت قۇرۇلمىلىق جۈملە شەكلى

**【ئۈلگىلىك جۈملىلەر】**

1. I studied English when I was young.
2. Let's wait until the rain stops.
3. They quarrelled as soon as the wedding ceremony ended.
4. One must work hard before he succeeds.
5. He wants to be famous after he becomes rich.
6. Make hay while the sun shine.

**【تەرجىمە】**

1. مەن ياش ۋاقتىمدا ئىنگلىز تىلى ئۆگەنگەن.

2. يامغۇر توختىغىچە ساقلا.

3. ئۇلار توي مۇراسىمى ئاخىرلىشىشى بىلەنلا ئۇرۇشۇپ كەتتى.

4. مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتىن بۇرۇن چوقۇم خىزمەت قىلىش كېرەك.

5. ئۇ باي بولغاندىن كېيىن نام چىقىرىشنى ئويلايدىغان بولدى.

6. ھەر قانداق ئىشنىڭ قىلىدىغان ۋاقتى بار.

**【تەھلىل】**

1. ۋاقىت خاراكتېرلىك جۈملىلەرگە when, whenever, as, while, before, after, untill, since, ever since, once,

قاتارلىق سۆزلەر يېتەكچى بولىدۇ. as soon as

2. يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك يېتەكچى سۆزلەردە، مەلۇم بىر when, as, while, by the time, the next پەيتنى ئىپادىلەيدىغان time قاتارلىق سۆزلەرمۇ بار. مەسىلەن:

(1) The audience applauded John as he ended his speech.

جون سۆزىنى تۈگەتكەن ۋاقىتتا، تاماشىبىنلار قىزغىن ئالقىش ياڭراتتى.

(2) By the time the war ended, millions of chidren became orphans.

ئۇرۇش ئاخىرلاشقان ۋاقىتدا، مىليونلىغان بالىلار يېتىم بولۇپ قالدى.

مەلۇم ۋاقىتنى ئىپادىلەيدىغانلاردىن while, so long as, since قاتارلىقلار بار.

(1) I have learned many things since I left school.

مەن مەكتەپتىن ئايرىلغاندىن بۇيان نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگىنىۋالدىم.

(2) I have to struggle as long as the enemy is still alive.

دۈشمەن هاياتلا بولىدىكەن، مەن چوقۇم جەڭ قىلىمەن.

قېتىم سانىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەردىن whenever, no matter when, every time قاتارلىقلار بار. مەسىلەن:

(1) They quarrel every time they meet.

ئۇلار هەر قېتىم كۆرۈشسىلا ئۇرۇشىدۇ.

(2) Come whenever you are free.

سەن قاچان كەلسەڭ بولىۋېرىدۇ.

«دەرهال» «شۇنىڭ بىلەن» دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيدىغانلاردىن as soon as, scarcely...when..., no sooner...than... قاتارلىقلار بار. مەسىلەن:

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

(1) He had scarcely begun his song when the audience shouted at him.

ئۇ ناخشىنى باشلىشى بىلەنلا، تاماشىبىنلار ئۇنىڭغا قاراپ ۋارقىراشتى.

(2) They had no sooner concluded the war than they were faced with pestilence.

ئۇلار جەڭنى ئاخىرلاشتۇرۇشى بىلەنلا، ۋاباغا دۇچ كەلدى.

«... نىڭ ئالدىدا» مەنىسى بىلدۈرىدىغان سۆز before،
(مەسىلەن: 4-جۈملە) after, till, until قاتارلىقلار «... دىن
كېيىن» دېگەننى بىلدۈرىدۇ (مەسىلەن: 5-، 2-جۈملە).

3. بەزى ۋاقىتتا instantly, immediately, directly قاتارلىق
سۆزلەرمۇ ۋاقىت خاراكتېرلىك جۈملىلەرنى تۈزىدۇ. مەسىلەن:

The machine will start instantly you press the button.

ئەگەر سەن كۇنۇپكىنى باسساڭ، ئاندىن ماشىنىنى ھەرىكەتلەندۈرەلەيسەن.

## 10. ئورۇن-جاي خاراكتېرلىك جۈملە

**【ئۆلگىلىك جۈملىلەر】**

1. They arrived where they had fallen in love ten years ago.
2. Wherever I am, I will be thinking of you.
3. Where there is a life, there is hope.
4. They went wherever they could find work.

**【تەرجىمە】**

1. ئۇلار ئاخىرى 10 يىل بۇرۇن ئۆزلىرى ئاشىق - مەشۇق بولۇشقان جايغا يېتىپ كەلدى.
2. مەن نەدىلا بولاي، سېنى ئەسلەيمەن.
3. قەيەردە ھاياتلىق بولسا، شۇ يەردە ئۈمىد بولىدۇ.
4. ئۇلار نەگىلا بارسا، خىزمەت تاپالايدۇ.

【تەھلىل】

1. يەر، جاي خاراكتېرلىك جۈملىلەرنىڭ قوزغاتقۇچى سۆزلىرى where ۋە wherever، بەزى چاغدا anywhere مۇ قوزغاتقۇچى سۆز بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

(1) He is welcome anywhere he goes.

ئۇ نەگىلا بارسا، قارشى ئېلىنىدۇ.

(2) You may go anywhere you like.

سەن قەيەرنى ياخشى كۆرسەڭ، شۇ يەرگە بار.

ئەلۋەتتە، anywhere بىلەن wherever ئوخشاش قوللىنىلىدۇ.

2. يۇقىرىدا سۆزلەنگەن جۈملە شەكىللىرىگە ئوخشاش، قوزغاتقۇچى سۆز باشلاپ كەلگەن بېقىندى جۈملىنى جۈملە بېشىغا قويغاندا، بېقىندى جۈملىدىن كېيىن پەش قويۇلىدۇ. مەسىلەن؛

(1) Wherever I live, I can have a lot of friends.

مەن نەدىلا بولاي، مېنىڭ نۇرغۇن دوستلىرىم بولىدۇ.

(2) Where there is smoke, there is fire.

قەيەردە تاماكا بولسا، شۇ يەردە ئوت بولىدۇ.

## 11. ئىنكار قۇرۇلمىلىق جۈملە

【ئۈلگىلىك جۈملىلەر】

1. He is not always idle.
2. A good man will not necessarily prosper.
3. He does not come here every day.
4. All is not gold that glitters.
5. The proud parent is not content to have the chid grow up in conformity with his natural bent, but projects his own desire for glory into the child.
6. He is not so much a scholar as a politician.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

7. I had not so much as heard of this town.
8. It was not until sunrise on the following morning that they saw land.
9. I gave up my task not because I disliked it, but because I thought I was unequal to it.
10. You should not despise a man because he is poor.
11. It never rains but it pours.
12. He is not only kind to me but also honest.
13. This work is far from completion.
14. A whale is no more a fish than a horse.
15. He is nothing more than a common man.
16. We can not leave without a peep at Rome.
17. We have lately had little rain.
18. I had not gone far when I met a sailor.
19. This book is too difficult for me to read.

【تەرجىمە】

1. ئۇ دائىم ھۆرۈنلۈك قىلىۋەرمەيدۇ.
2. ياخشى ئادەمنىڭ تەرەققىي قىلىشى ناتايىن.
3. ئۇنىڭ بۇ يەرگە ھەر كۈنى كېلىشى ناتايىن.
4. نۇر چاچقان نەرسىلەر ھەممىسى ئالتۇن بولىۋەرمەيدۇ.
5. پەخىرلىك ئاتا-ئانىلار بالىسىنىڭ ئۇسۇپ يېتىلىشىگە قولايلىق يارىتىپ بەرگەنلىكىدىن قانائەتلىنىپ قالماي. بەلكى ئۆزىنىڭ شان-شەرىپىنى بالىسىغا بېغىشلايدۇ.
6. ئۇنى ئالىم دېيىشتىن كۆرە، سىياسىئون دېگەن ياخشىراق.
7. مەن بۇ يېزا توغرىلىق ناھايىتى ئاز نەرسىلەرنى بىلىمەن.

8. پەقەت ئەتىسى ئەتىگەن ئۇلار قۇرۇقلۇقنى كۆرەلىدى.
9. مەن خىزمەتتىن ۋاز كەچتىم، ياخشى كۆرمىگەچكە ئەمەس، ھۆددىسىدىن چىقالمايمەن دەپ قارىغانلىقىمدىنمۇ ۋاز كەچتىم.
10. بىر ئادەمگە ئۇنىڭ نامرات بولغانلىقى ئۇچۇنلا سەل قارىساڭ بولمايدۇ.
11. يامغۇر ياغسا چېلەكلەپ قۇيغاندەك ياغىدۇ.
12. ئۇ ماڭا پەقەت كۆيۈنۈپلا قالماستىن، يەنە ناھايىتى سەمىمىي مۇئامىلە قىلىدۇ.
13. بۇ خىزمەتنىڭ ئاخىرلىشىشقا خېلى ئۇزۇن ۋاقىت بار.
14. كىت بىلەن خۇددى ئاتقا ئوخشاش بېلىق ئەمەس.
15. ئۇ بىر ئادەتتىكى ئادەم.
16. بىز رىمنى كۆرمەي تۇرۇپ ئىتالىيىدىن كەتمەيمىز.
17. يېقىندىن بۇيان، يامغۇر ناھايىتى ئاز ياغدى.
18. مەن ئۇزۇن ماڭمايلا بىر ماتروسقا ئۇچراپ قالدىم.
19. بۇ كىتاب ماڭا نىسبەتەن ئوقۇش ناھايىتى تەس كىتاب.

**【تەھلىل】**

1. ئىنكار خاراكتېرلىك جۈملە ئادەتتە تولۇق ئىنكار ۋە قىسمەن ئىنكارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەسىلەن:

(1) I know nothing about it.

مەن بۇ ھەقتە ھېچنەرسە بىلمەيمەن. (پۈتۈنلەي ئىنكار)

(2) I don't know all about it.

مەن بۇ ھەقتە كۆپ نەرسە بىلمەيمەن. (قىسمەن ئىنكار)

2. not always... بولسا قىسمەن ئىنكارنى ئىپادىلەيدۇ. يەنى «دائىم ئەمەس» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇنىڭ پۈتۈن ئىنكار بولسا، «never» يەنە ئەزەلدىن . مەسىلەن:

He is never idle.

www.uyghurkitap.com

ئۇ ئەزەلدىن ھۇرۇن ئەمەس.

3. not necessarily... بولسا پۈتۈنلەي ئىنكارنى ئىپادىلەيدۇ. «ئەمەس» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

A mistake, if it is an honest mistake, is not necessarily a misfortune.

بىر خاتالىق، ئەگەر ئۇ سەمىمىي خاتالىق بولسا، ئۇ بەختسىزلىك ئەمەس.

4. not all, not every بولسا قىسمەن ئىنكارنى ئىپادىلەيدۇ. «ھەممىسى ئەمەس» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. not نى يەنە all, every نىڭ ئالدىغا قويۇشقا بولىدۇ. كەينىگە قويۇشقىمۇ بولىدۇ. 3-، 4-مىسالدىكىلەرگە ئوخشاش.

5. not so much...as... بولسا، «. . . دىن كۆرە . . . ياخشى» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. not so much as... بولسا «ھەتتاكى» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. ئىككىسى ئىپادىلىگەن مەنە پۈتۈنلەي ئوخشاش ئەمەس (6-، 7-مىسالدىكىلەرگە ئوخشاش).

6. no (not)...till (until) بولسا «(تا) غاندىلا . . . ئاندىن (غىچە)» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. no, not دىن باشقا، باشقا ئىنكار سۆزلىرىنى قوللىنىشقىمۇ بولىدۇ.

7. not because..., but because... بولسا، not... بىلەن بىرىلىدۇ، بىراق but بىلەن because باشلاپ كەلگەن جۈملە ھالەت خاراكتېرلىك بېقىندى جۈملە شەكلىدۇر: because يەنە that نىڭ ئورنىدا قوللىنىلىسىمۇ بولىدۇ. مەسىلەن:

Not that I loved Caesar less, but that I loved Rome more.

مېنىڭ caesar نى ياخشى كۆرمەيمەن دېگىنىم ئەمەس. بەلكى مەن رىمنى ناھايىتى ياخشى كۆرىمەن.

8. never...but... بولسا، قوش ئىنكار بولۇپ،

مۇئەييەنلەشتۇرۇشنى ئىپادىلەيدۇ. «ھەر... چوقۇم...» دەپ تەرجىمە قىلىنىدۇ. (بىراق) but يەنە without ئورنىغا قويۇپ ئىشلىتىشكىمۇ بولىدۇ. مەسىلەن:

I never look at him without thinking of my father.

مەن ھەر قېتىم ئۇنى كۆرسەم، دادامنى ئويلىماي تۇرالمايمەن.

9. not only...but also... بولۇپلا قالماي... بەلكى...

merely, solely, simply, يەنە only ئىپادىلەيدۇ. دېگەن مەنىنى alone نىڭ ئورنىغا قويۇپ ئىشلىتىشكە بولىدۇ. but تىن كېيىنلا also نى چۈشۈپ قالسا بولىدۇ. not only...but also نىڭ كەينىگە چوقۇم ئوخشاش تەركىبلەر ئۇلىنىشى كېرەك. مەسىلەن:

Not only he, but also his brother are honest.

10. far from نىڭ خەت مەنىسى «يىراق» دېگەنلىك بولۇپ، ئۇنىڭدىن باشقا «... مۇتلەق، ئازراقمۇ ئەمەس» دېگەندەك مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. لېكىن ئۇنىڭ كەينىگە ئىسىم، ئالماش، سۈپەتلەرنى ئۇلاشقا بولىدۇ (13-مىسال جۈملىگە قاراڭ).

11. no more...than نى no more than بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ قويۇشقا بولمايدۇ. no more...than «... دىن كۆپ ئەمەس» دېگەن مەنىدە بولۇپ no گاھى no more غا ۋەكىللىك قىلىدۇ. no more than بولسا پەقەت only دېگەن مەنىنىلا بىلدۈرىدۇ. «مۇبادا، مۇنداق بولمىغان بولسا» دەپ تەرجىمە قىلىنىدۇ. مەسىلەن: 14-، 15-مىسال جۈملىلەر.

12. not (no, never)...without شەكلى «ھەر بىرى... چوقۇم» دەپ تەرجىمە قىلىنىدۇ. قوش ئىنكار بىر مۇئەييەنلەشتۇرۇشنى ھاسىل قىلىپ قويىدۇ. مەسىلەن:

You will hardly pass a farm without seeing some kind of

work being carried on.

سىز ھەر بىر دېھقانچىلىق مەيداندىن مەلۇم بىر خىل ئەمگەكنى كۆرەلەيسىز.

13. little بولسا «ئازراقمۇ ئەمەس» دېگەن مەنىدە بولۇپ، a little نىڭ مەنىسى «ئازراقلا» دېگەنلىك بولىدۇ، مۇئەييەنلەشتۈرگۈچى جۈملىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

We have lately had a little rain.

يېقىندىن بۇيان يامغۇر بەك ئاز ياغدى.

little سۈپەتلىك خۇسۇسىيەتتىن باشقا يەنە ئالماش، رەۋىشلىك خۇسۇسىيەتكىمۇ ئىگە بولۇپ، «ئازراق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرۈپ، not at all بىلەن ئوخشاش ئىشلىتىلىدۇ.

(1) Little remains to be said. (ئالماش)

سۆزلىگۈدەك ھېچنېمە يوق.

(2) I little thought what would happen. (رەۋىش)

نېمە ئىش بولىدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ باقمىغان ئىكەنمەن.

14. not...far (long) before (when)... نى «ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەن» دەپ تەرجىمە قىلىمىز. before بىلەن when نىڭ مەنىلىرى ئوخشاش بولۇپ، ئالماشتۇرۇپ ئىشلىتىشكە بولىدۇ. far ۋاقىتتا long ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن: 18-جۈملىدە far ئارىلىقنى ئىپادىلىگەن. ئەمدى تۆۋەندىكى مىسالدىن ۋاقىتنى ئىپادىلەشنى كۆرۈپ باقايلى.

It was not long before I came to the seashore.

دېڭىز ساھىلىغا بارغىنىمغا ئانچە ئۇزۇن بولمىغان ئىدى.

15. too...to بولسا «بەك... بولمايدۇ» دەپ تەرجىمە قىلىنىدۇ. ئۇ so...that...cannot بىلەن ئوخشاش. مەسىلەن:

(1) The chains of habit are generally too strong to be easily bro—ken.

بۇ جۈملىنى يەنە مۇنداق ئۆزگەرتىپ يېزىشقىمۇ بولىدۇ.

(2) The chains of habit are generally so strong that they cannot be easily broken.

ئادەت زەنجىرى ناھايىتى مۇستەھكەم بولۇپ، ئۇنى ئاسانلىقچە پاچاقلاپ تاشلىغىلى بولمايدۇ.

## 12. تەتۈر قۇرۇلمىلىق جۈملە

【ئۈلگىلىك جۈملىلەر】

1. Never will I forget your kindness.
2. Only then did I understand what he meant.
3. Next came David.
4. Twice in my life have I climbed the mountain.
5. I spend less than do most students in my class.
6. Were she my teacher, I would ask for her advice.
7. Woman as she is, she is brave.
8. Such a stupid thing I will not do.
9. Handsome is he who handsome does.
10. I can play the piano, so can he.
11. There comes the bus!
12. Here are some picture—books.

【تەرجىمە】

1. مەن ياخشى كۆڭلىڭىزنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايمەن.

2. مەن شۇ چاغدىلا ئۇنىڭ نېمە دەۋاتقىنىنى بىلدىم.

3. ئەمدى كېلىدىغىنى داۋىد.

4. مەن ئۆمرۈمدە بۇ تاغقا ئىككى قېتىم چىقتىم.

5. مېنىڭ خىراجىتىم سىنىپتىكى كۆپىنچە ئوقۇغۇچىدىن ئاز.

6. ناۋادا ئۇ مېنىڭ مۇئەللىمىم بولغان بولسا، ئۇنىڭ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

پىكرىنى ئالغان بولاتتىم.
7. گەرچە ئۇ ئايال بولسىمۇ ناھايىتى باتۇر.
8. مەن بۇنداق ئەخمىقانە ئىشنى قىلمايمەن.
9. قەلبى گۈزەل ئادەمنىڭ تۇرقىمۇ گۈزەل بولىدۇ.
10. مەن پىئانىنو چېلىشنى بىلمەن، ئۇمۇ بىلىدۇ.
11. ماشىنا كەلدى.
12. بۇ يەردە بىر مۇنچە رەسىملىك كىتاب بار.

**【تەھلىل】**

1. تەتۈر تەرتىپتىكى جۈملە پۈتۈنلەي تەتۈر تەرتىپتىكى ۋە قىسمەن تەتۈر تەرتىپتىكى جۈملە دەپ ئىككىگە بۆلىنىدۇ. پۈتۈنلەي تەتۈر تەرتىپتىكى جۈملىدە ھەممە خەۋەر ئىگىنىڭ ئالدىغا قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

Now comes your tum.

نۆۋەت سائا كەلدى.

قىسمەن تەتۈر تەرتىپتىكى جۈملىدە خەۋەرنىڭ بىر قىسمى (مەسىلەن: ياردەمچى پېئىل، تۇسلۇك پېئىل، باغلىغۇچى پېئىل be قاتارلىقلار) ئىگىنىڭ ئالدىدا كېلىدۇ. قالغان قىسمى ئىگىنىڭ كەينىدە كېلىدۇ. مەسىلەن:

Well did I know him.

مەن ئۇنى بەكمۇ چۈشىنىمەن.

2. ئىنكار سۆز جۈملە بېشىدا كېلىدۇ (مەسىلەن: barely, hardly, scarcely, rarely, seldom, never, little, not ئىنكار سۆز لاردىن no ياكى not نىڭ سۆز بىرىكمىسى بولىدۇ. مەسىلەن:

(1) Little did he realize how fortunate he was.

ئۇ ئۆزىنىڭ نەقەدەر بەختلىك ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ.

(2) By no means shall I give in.

مەن قەتئىي تەسلىم بولمايمەن.

(3) Not only did I know Tom, but I was his best friend.

مەن تامنى تونۇپ قالماي، ئۇنىڭ ياخشى دوستىمەن.

3. (بېقىندى جۈملە سۆز بىرىكمىسى) رەۋىش +only جۈملە بېشىغا قويۇلغاندا چوقۇم تەتۈر جۈملە تەرتىپى بولۇشى كېرەك. مەسىلەن:

(1) Only by working hard can Mary succeed.

مارىي تىرىشىپ خىزمەت قىلسىلا غەلىبە قازىنالايدۇ.

(2) Only when one loses freedom does one know its value.

كىشىلەر ئەركىنلىكنى يوقىتىپ قويغاندىلا، ئەركىنلىكنىڭ قىممىتىنى ھېس قىلالايدۇ.

4. رەۋىش (سۆز بىرىكمىسى) جۈملىنىڭ بېشىدا كەلسە چوقۇم پېئىلنى ئىگىنىڭ ئالدىغا قويۇش كېرەك (3-مىسالنى كۆرۈڭ). لېكىن ئىگە ئالماش بولسا تەتۈر قىلىشقا بولمايدۇ. مەسىلەن:

Then she left.

ئاندىن ئۇ كەتتى.

5. قېتىم سانىنى بىلدۈرىدىغان ۋاقىت رەۋىشتىن تۈزۈلگەن سۆز بىرىكمىسى جۈملىنىڭ بېشىغا قويۇلۇپ، جۈملىنىڭ ئىنتوناتسىيىسىنى كۈچەيتكەندە تەتۈر جۈملە تەرتىپى قىلساقمۇ-قىلمىساقمۇ بولىدۇ. لېكىن ئادەتتە تەتۈر جۈملە تەرتىپىدە بولىدۇ. (4-مىسالنى كۆرۈڭ) مەسىلەن:

Many a time have I watched that movie.

مەن بۇ كىنونى بىر نەچچە قېتىم كۆرگەن.

6. well, so, long قاتارلىق رەۋىشلەر جۈملە بېشىدا كۈچەيتىش مەنىسىدە كەلسە ئىگە بىلەن ياردەمچى پېئىل تەتۈر جۈملە تەرتىپىدە كېلىدۇ. مەسىلەن:

So bitterly did she weep that I felt heartbroken.
ئۇ شۇنداق ئېچىنىشلىق يىغلىدىكى ئىچىم ئاغرىپ كەتتى.

7. as than بىلەن قوزغىتىلغان بېقىندى جۈملىدە ئىگە بەك ئۇزۇن ياكى ئىگىنى ئېنىقلايدىغان سۆز بەك ئۇزۇن بولسا، تەتۈر جۈملە تەرتىپى قوللىنىلىدۇ. (مەسىلەن: 5-مىسال)

8. if قىسقارتىلغان مەۋھۇم شەرت بېقىندى جۈملىنى تەتۈر جۈملە تەرتىپىدە قوللىنىش مۇمكىن. were, had, should باش بولىدۇ. (مەسىلەن: 6-مىسال) ناۋادا 6-مىسالنى ئەسلىگە كەلتۈرسەك مۇنداق بولىدۇ.

If she were my teacher, I would ask for her advice.

9. as يول قويۇش بېقىندى جۈملىدە قوللىنىلسا چوقۇم تەتۈر جۈملە تەرتىپىگە ئايلاندۇرۇلۇشى كېرەك. يېشىل + ئىگە + as + (رەۋىش، پېئىل، سۈپەت) ئىسىم. مەسىلەن:

Poor as he is, he is very honest.
=Although he is poor, he is very honest.
ئۇ كەمبەغەل بولسىمۇ، ناھايىتى سەمىمىي.

10. بەزىدە ئېنىقلىغۇچى كۆچەيتىش ئۈچۈن ياكى بېقىندى جۈملىدىكى ئېنىقلىغۇچى بىر ئۆلىغۇچى سۆز ياكى مۇناسىۋەت سۆزنى ئىپادىلىگەن ياكى ئېنىقلىغاندا ياكى ئېنىقلىغۇچى بولۇپ، ئىپادىلىگىنى ئالدىدىكى جۈملىدە تىلغا ئېلىنغان شەخس ياكى شەيئى بولسا، بىز بۇ ئىككى جۈملىنىڭ مۇناسىۋىتىنى تېخىمۇ چوڭقۇر بولسۇن دېسەك، ئېنىقلىغۇچىنى جۈملە بېشىدا قويىمىز. (مەسىلەن: 8-مىسال)

(1) What little money he makes I do not care.
ئۇ قانچىلىك پۇل تاپتى پەرۋايىم پەلەك.

(2) All this we must take fully into account.

بۇلارنى بىز چوقۇم يېتەرلىك ئۆگىنىشىمىز كېرەك.

11. پېئىلنى مەركىزىي ئىگىگە يېقىنلاشتۇرۇش ياكى كەسمە خەۋەرنى تەكىتلەش ئۈچۈن، كەسمە خەۋەرنى جۈملە بېشىغا قويۇپ، پېئىلنى ئىگىنىڭ ئالدىغا تەتۈر جۈملە تەرتىپىدە قويساق بولىدۇ. (9-مىسالدىكى بىلەن ئوخشاش) مەسىلەن:

So selfish is she that no one likes her.

=She is so selfish that no one likes her.

ئۇ بەكمۇ شەخسىيەتچى، ھېچكىم ئۇنى ياخشى كۆرمەيدۇ.

12. nor, neither, so جۈملىنىڭ بېشىغا قويۇلغاندا تەتۈر جۈملە تەرتىپىدە بولۇشى كېرەك. (10-مىسالنى كۆرۈڭ) مەسىلەن:

(1) If you won't go, neither shall I.

سەن بېرىشنى خالىمىساڭ، مەنمۇ بارمايمەن.

(2) He didn't drop any hint, nor did his secretary.

ئۇ ھېچقانداق گەپنى چۇشۇرۇپ قويمىدى. كاتىپىمۇ چۇشۇرۇپ قويمىدى.

13. there, then, here بىلەن قوزغىتىلغان جۈملە چوقۇم تەتۈر تەرتىپىدە بولىدۇ. (مەسىلەن: 11-، 12-مىسال)

Then came a new difficulty.

ئاندىن يېڭى قىيىنچىلىق پەيدا بولدى.

## 13. قىسقارتىلما قۇرۇلمىلىق جۈملە

**【ئۈلگىلىك جۈملىلەر】**

1. Beg your pardon.
2. Ought to be a comma here.
3. Anything the matter?
4. "Where is Merry?"———"I don't know."
5. Sorry!

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

6. "Did you know anything about it?""Not until you told me."
7. He is more of a poet than a dramatist.
8. They worked with as much enthusiasm as young people.
9. I have very few friends, if any.
10. My room is on the second floor and his, on the third.
11. "Do you want to see her?""No, I do not want to."
12. The less said, the better.

**【تەرجىمە】**

1. كەچۈرۈڭ.
2. بۇ يەردە بىر پەش بولسا كېرەك.
3. ئىشىڭىز بارمۇ؟
4. ماري قەيەردە؟ مەن بىلمەيمەن.
5. كەچۈرۈڭ.
6. «سىز بۇ ئىشنى بىلەمسىز؟» «ماڭا ئېيتىپ بەرسىڭىز بىلىمەن.»
7. ئۇ بىر شائىر، يەنە دراماتورگ.
8. ئۇلارنىڭ خىزمەتكە ياشلارغا ئوخشاشلا قىزغىنلىقى بار.
9. ئەگەر دوستلىرىم بار دېسەم، دوستۇم بەك ئاز.
10. مېنىڭ ئۆيۈم 2-قەۋەتتە، ئۇنىڭ بولسا 3-قەۋەتتە.
11. سىز ئۇنى كۆرۈشنى ئويلامسىز؟- ياق، خالىمايمەن.
12. گەپ قانچە ئاز بولسا، شۇنچە ياخشى.

**【تەھلىل】**

1. قىسقارتىلما جۈملىدە بىر ياكى بىر نەچچە تەركىب چۈشۈرۈپ قويۇلىدۇ ياكى تەكرارلانما جۈملىلەر ئاددىيلاشتۇرۇلىدۇ ياكى گراماتىكا مۇشۇنداق چۈشۈرۈپ قويۇشقا يول قويىدۇ ياكى ئىشلىتىش ئادىتىمۇ چۈشۈرۈپ قويۇشقا يول قويىدۇ.

(1) I study French on Monday, (I study) German on wednesday. (تەكرارلانمىغان)

مەن دۈشەنبە كۈنى فرانسوز تىلى ئۆگىنىمەن، چارشەنبە كۈنى نېمىس تىلى ئۆگىنىمەن.

(2) He got up at six (o'clock) (گراماتىكا يول قويغان)

ئۇ سائەت ئالتىدە ئورنىدىن تۇردى.

(3) Good Luck! . (ئادەت تۈپەيلىدىن چۈشۈرۈپ قويۇشقا يول قويۇلغان)

بەخت تىلەيمەن.

2. قىسقارتىلغان قىسمى ئىگە بولۇشىمۇ مۇمكىن (1-مىسال). خەۋەر ياكى خەۋەرنىڭ بىر قىسمى بولۇشىمۇ مۇمكىن، تولدۇرغۇچى بولۇشىمۇ مۇمكىن (2-، 3-مىسال) ياكى ئىگە ۋە خەۋەرنىڭ بىر قىسمى قىسقارتىۋېتىلسە كېيىن خەۋەر تولدۇرغۇچى، ھالەت ياكى باشقا تەركىبلەر ئېشىپ قالىدۇ (5-مىسال).

3. بىر قىسقارتىلغان جۈملىنىڭ بەزى ۋاقىتتا ئەسلى ناھايىتى ئېنىق بولىدۇ. بەزىدە سۆزلىگەندىكى مەنىسى ئېنىق بولىدۇ. مەسىلەن: ئالدىنقى مىسالنىڭ بىرىنچىسى بىلەن كېيىنكى مىسالنىڭ 4 ۋە 6.

4. ئاددىي جۈملىلەردە بەزىدە بىر قىسىم بۆلەكلەر قىسقارتىلىۋېتىلىدۇ. دىئالوگلاردا دائىم قىسقارتىلغان جۈملىلەر ئىشلىتىلىدۇ. بىر قىسىم ئۇندەش جۈملىلەردە قىسقارتىلغان جۈملىلەر ئىشلىتىلىدۇ. تېلېگراما، ماقالە، دوكلاتلاردا دائىم چۈشۈرۈپ قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

(1) Stress Free Home Office

بېسىم بولمىغان ئائىلە ئىشخانىسى.

(2) Sorry Lessons From Oxford

ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېت ۋەقەسى كىشىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەپسۇسلاندۇردۇ.

5. مۇرەككەپ جۈملىلەردىمۇ بىر قىسىم قىسقارتىلغان جۈملىلەر ئىشلىتىلىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن: سوئاللارغا جاۋاب بەرگەن ۋاقىتتا 6-مىسال than ياكى as بىلەن باشلانغان جۈملىلەردە (7-، 8-مىسال) if بىلەن باشلانغان جۈملىلەردە (9-مىسال) بەزى ئاساسىي جۈملە ياكى تارماق جۈملىلەردىكى قىسقارتىلغان تەركىب بولىدۇ. نۇرغۇنلىغان تەمسىللەردە، قىسقارتىلغان قۇرۇلما ئىشلىتىلىدۇ.

(1) Easy come, easy go.

ئاسان كەلگەن نەرسە، ئاسان كېتىدۇ.

(2) More haste, less speed.

ئالدىرىغان كەينىدە قالار.

(3) Like father, like son.

ئالا قۇيرۇقنىڭ بالىسى چالا قۇيرۇق.

6. تەڭداش جۈملىلەرنىڭ ئاخىرىدىكى تارماق جۈملىدە ئالدىدىكى جۈملە بىلەن ئوخشاش تەركىب بولسا دائىم چۈشۈپ قالىدۇ. تەكرارلانمايدۇ.

(1) He will come, and play at cards with me.

ئۇ مەن بىلەن قارتا ئوينىغىلى كەلمەكچى.

(2) I will give Mary a doll, and aunt Jane a book.

مەن مارىيغا بىر قونچاق بېرىمەن، هاممىسى جېين بىر كىتاب بېرىدۇ.

(3) I asked Iris to go, but she to stay.

مەن ئەيلىسنى ماڭايلى دېسەم، بىراق ئۇ ئۇنى ئېلىپ قالدى.

7. بەزى جۈملىلەر بار. پېئىلىنىڭ ئېنىقسىز شەكلى ساقلاپ قېلىنسا بولىدۇ ۋە باشقا بۆلەكلىرى چۈشۈپ قالسا بولىدۇ.

مەسىلەن:

I can help him if I wish to.

مەن ئۇنىڭغا ياردەم بېرىمەن دېسەم، ياردەم بېرەلەيمەن.

## 14. مۇستەقىل تەركىبلىك جۈملە

**【ئۆلگىلىك جۈملىلەر】**

1. Hm! that's splendid.
2. May I help you, madam?
3. The boy, I think, has come from the country.
4. That will be a good beginning, I hope.
5. To be frank, I don't agree to you.
6. Otherwise, we would lose our way.

**【تەرجىمە】**

1. ئو، بۇ بەك ياخشى بولدى!
2. سىزگە ياردەم كېرەكمۇ خانىم؟
3. مېنىڭچە بۇ بالا يېزىدىن كەلگەن.
4. مەن ئۇنىڭ ياخشى بىر باشلىنىش بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.
5. راست گەپ قىلسام، سىزنىڭ پىكرىڭىزگە قوشۇلمايمەن.
6. بولمىسا بىز يولدىن ئېزىپ قالىمىز.

**【تەھلىل】**

1. مۇستەقىل تەركىب بولسا بىر سۆز، سۆز بىرىكمىسى ياكى «بېقىندى جۈملە» جۈملىدە جۈملىنىڭ باشقا تەركىبلىرى بىلەن گراماتىكىلىق مۇناسىۋەت شەكىللەندۈرمەيدۇ. مۇستەقىل بۆلەك بولسا ئىملىق سۆز، ئۇندەش سۆز ياكى قىستۇرما سۆز بولىدۇ.

2. ئۇندەش جۈملە ئۇندەش سۆز بولۇپلا قالماستىن، يەنە

ئىسىم، سۈپەت، پېئىل رەۋىشمۇ بولىدۇ، يەنە تاق سۆز، سۆز بىرىكمىسى بولۇپلا قالماي، يەنە «بېقىندى جۈملە» مۇ بولىدۇ. تۇيۇقسىز ھاسىل بولغان ھېسسىياتنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

(1) A whale! Look there.

ئاۋۇ يەرگە قاراڭلار! بىر كىت.

(2) Marvellous! This is the first time I've seen it.

ھەجەپ ياخشى؛ ئۇ مېنىڭ بىرىنچى قېتىم كىت كۆرۈشۈم.

(3) Look! Here is her photo.

قاراڭلار بۇ ئۇنىڭ سۈرىتى.

(4) Quickly! It's dangerous.

بولۇڭلار، بۇ بەك خەتەرلىك.

(5) A fig for Rex! He spoils everything.

كېرەكسىز رىكس، ئۇ ھەممىنى بۇزۇۋېتىپتۇ.

(6) If the rain could stop!

يامغۇر توختىغان بولسا، نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى - ھە!

3. چاقىرىش بولسا سۆزلىگۈچىنىڭ ئاڭلىغۇچىغا بولغان چاقىرىشنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

(1) officer, where is union Square?

باشلىق بىرلەشمە خەلق مەيدانى قەيەردە؟

(2)Hurry up, children!

باللار تېزراق بولۇڭلار.

4. قىستۇرما سۆز ئادەتتە بىر جۈملىگە باشقىچە چۈشەندۈرۈشنى قوشۇپ قويىدىغان سۆز ئىبارىلەردۇر.

(1) ئادەتتە جۈملىنىڭ ئوتتۇرىدا، بەزىدە جۈملىنىڭ ئاخىرىدا كېلىدۇ. مەسىلەن: I thi—nk, I hope, I guess, I'm afraid, I believe, I suppose, I wonder, you see, you know, don't you think, I tell you, it is said, it is suggested

(2) بەزىدە پىئىلنىڭ ئىنىقسىز شەكلى قوشقاندا، ھازىرقى زامان تارماق شەكلى، ئۇلانما سۆزلەر، رەۋىش، سۈپەت بىقىندى جۈملە قاتارلىقلار قىتىلىدۇ. مەسىلەن:

1) Speaking of the football match, our team was rather disappointing.

پۇتبول مۇسابىقىسىنى دىسەك بىزنىڭ كوماندا كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرىدۇ.

2) By the way, where is the bookstore?

سوراپ باقاي، كىتابخانا قەيەردە؟

3) I'd really rather not go, if you don't mind.

سەن بىر نىمە دىمىسەڭ مىنىڭ راستىنلا بارغۇم يوق.

5. بەزى قىستۇرما سۆزلەر جۈملىنىڭ ئالدىدا ئىپتىلىشۋاتقان سۆزلەرنى مەھكەم باغلاش رولىنى ئوينايدۇ.

(1) In addition, we visited a small village.

بىز يەنە بىر كىچىك كەنتنى زىيارەت قىلدۇق.

(2) As a result, both died in the fighting.

ئاخىرقى نەتىجىدە ئۇرۇشتا ئىككى تەرەپنىڭ ئادەملىرى ھەممىسى ئۆلدى.

(3) To sum up, science is very important today.

ئىشقىلىپ ھازىر ئىلىم-پەن ئەڭ مۇھىم.

(4) That is to say, we should plan everything well.

ئۇنداقتا بىز ھەممىنى ياخشى پىلانلىشىمىز كىرەككەن-دە.

6. بىر قىسىم قىستۇرما سۆزلەرنىڭ ئالدىغا تىنىش بەلگىلىرىنى قويغاندا، جۈملىنى تولۇقلاش رولىنىلا ئوينىماستىن بەلكى ئىگىنى ئايرىش رولىنى ئوينايدۇ. مەسىلەن:

(1) Don't worry; you can pass the exam.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قورقما، سەن ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ كېتىسەن.

(2) I have seen you—you naughty girl.

مەن سىزنى كۆردۈم، سىز بىر كەپسىز قىزچاق ئىكەنسىز.

7. بەزى قىستۇرما سۆزلەر جۈملىلەردە ھېچقانداق تېنىش بەلگىلەرسىز بولىدۇ، ئۇلار پەقەت ئىنتوناتسىيىنى كۈچەيتىش رولىنى ئوينايدۇ. ئۇلار بولمىسىمۇ جۈملە يەنىلا مۇكەممەل بولىدۇ.

I wonder where the devil my pen is?

ھەجەپ نەس باستى، قەلىمىم يوق تۇرىدۇ؟

## 15. مەۋھۇم قۇرۇلمىلىق جۈملە

**【ئۈلگىلىك جۈملىلەر】**

1. If you hurried, you would catch the bus.
2. If I were you, I would buy that shirt.
3. Were it not for the sun, no creature could live.
4. If he were to come, I should ask him.
5. If Mary had had the money, she would have bought the house.
6. If I had missed this train, I would now be waiting there.
7. If dogs talked, Fido would have expressed his thanks.
8. Without music, the world would be a dull place.
9. To hear him talk, you would think him an American.
10. Coming yesterday, the rain would have spoiled our party.
11. Even though I were guilty, I would not confess.
12. He took his raincoat with him lest it should rain.
13. I wish (that) I were a bird.
14. I insisted that the party be given on September.
15. My proposal is that we (should) stop this war.
16. It is important that we work hard.

17. It is high time you should make up your mind to marry.
18. He talks as if he were a professor.

【تەرجىمە】

1. ئەگەر تېزراق بولسىڭىز ماشىنىغا ئۈلگۈرەلەيسىز.

2. سېنىڭ ئورنۇڭدا مەن بولغان بولسام، ئۇ كىيىمنى ئالاتتىم.

3. ئەگەر قۇياش بولمىسا جانلىقلارمۇ بولمايدۇ.

4. ئۇ كەلسە مەن ئۇنىڭدىن سورايمەن.

5. مارىي پۇلى بولغان بولسا، ئاۋۇ ئۆينى چوقۇم ئالاتتى.

6. ئەگەر مەن پويىزدىن قالسام يەنىلا شۇ يەردە سېنى ساقلايتتىم.

7. ئەگەر ئىت گەپ قىلالايدىغان بولسا، ئۇ ئۆزىنىڭ تەشەككۈرىنى ئېيتقان بولاتتى.

8. ئەگەر دۇنيادا مۇزىكا بولمىسا، بۇ دۇنيا ناھايىتىمۇ زېرىكىشلىك بولاتتى.

9. ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىسىڭىز ئۇنى ئامېرىكىلىقمىكى دەپ قالىسىز.

10. ئەگەر تۈنۈگۈن يامغۇر ياغقان بولسا، بىزنىڭ ئولتۇرۇشىمىزنى بۇزۇلاتتى.

11. مەندە خاتالىق بولسىمۇ، ئۆز ئۈستۈمگە ئالمايمەن.

12. ئۇ يامغۇر يېغىشتىن ئەنسىرەپ، يامغۇرلۇق كىيىمنى ئېلىۋالدى.

13. مەن بىر قۇشقاچ بولۇپ قالسامكەن دەپ ئويلايمەن.

14. مەن ئولتۇرۇشىمىزنى 9-ئايدا ئۆتكۈزسەكەن دەپ ئويلايمەن.

15. مەنچە بولسا ئورۇشنى توختاتساق.

16. ئەڭ مۇھىمى بىز تىرىشىپ ئىشلىشىمىز كېرەك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

17. غەيرەتكە كېلىپ توي قىلىدىغان ۋاقىت بولدى.

18. ئۇ خۇددى پروفېسسورلاردەك سۆزلەيدىكەن.

**【تەھلىل】**

1. مەۋھۇم جۈملە سۇبيېكتىپ ئارزۇ ۋە پەرەزنى بىلدۈرىدىغان جۈملىدۇر.

2. مەۋھۇم شەرت قۇرۇلمىلىق جۈملە پەرەز قىلىنغان ئەھۋال ۋە ئەمەلگە ئېشىش ئىمكانىيىتى ئانچە چوڭ بولمىغان ئىش-ھەرىكەتنى بىلدۈرىدۇ. مەۋھۇم شەرت قۇرۇلمىلىق جۈملە ھازىر ۋە كەلگۈسىدىكى ئەھۋالنى ئىپادىلەيدىغان مەۋھۇم شەرت قۇرۇلمىلىق جۈملە (1-4 مىسال) ۋە ئۆتكەنكى ئەھۋالنى بىلدۈرىدىغان شەرت قۇرۇلمىلىق جۈملە دەپ ئىككىگە بۆلىنىدۇ. بىرىنچى خىلدىكىسىدە خەۋەرنىڭ ئاساسىي شەكلى بېقىندى جۈملىنىڭ ئۆتكەن شەكلى ياكى should + پېئىلنىڭ ئەسلى شەكلى ياكى were to + پېئىلنىڭ ئەسلى شەكلى بولۇپ كېلىدۇ. ئاساسىي جۈملە would ياكى might، could + پېئىلنىڭ ئەسلى شەكلىنى قوللىنىدۇ. ئىككىنچى خىلدىكىسى بېقىندى جۈملە had + ئۆتكەن زامان تارماق شەكلى ئاساسىي جۈملە would + have + ئۆتكەن زامان تارماق شەكلىنى قوللىنىدۇ.

3. قىستۇرما شەرت بېقىندى جۈملىنىڭ باغلىغۇچىسى بەزىدە چۈشۈپ قالىدۇ. شەرت بېقىندى جۈملە تەتۈر تەرتىپ بويىچە كېلىدۇ. پېئىلدىن بولغان خەۋەر ياكى ئىچىدىكى مەلۇم بىر بۆلەكنى ئىگىسىنىڭ ئالدىغا يۆتكەپ چىقىش ئارقىلىق بولىدۇ (مەسىلەن: 3-جۈملە). مەسىلەن:

(1) Had you seen it, you would have believed.

ئەگەر ئۇنى كۆرسەڭ، ئاندىن ماقا ئىشىنەتتىڭ.

(2) Could they raise sufficient fund, they would start the project.

ئەگەر ئۇلار يېتەرلىك مەبلەغ توپلىيالىسىلا، بۇ تۆردىكى قۇرۇلۇشنى باشلايدۇ.

4. بەزىدە شەرت بېقىندى جۈملىنىڭ ئىش-ھەرىكىتى بىلەن ئاساسىي جۈملىدە ئىپادىلەنگەن ئىش-ھەرىكەتنىڭ يۈز بەرگەن ۋاقتى بىردەك بولمايدۇ. بۇ خىل جۈملە غەيرىي ۋاقىت بېقىندى جۈملە شەكلى دېيىلىدۇ (مەسىلەن: 6-، 7-جۈملە). مەسىلەن:

(1) If he had started five days ago, he would arrive in three days.

ئەگەر ئۇ بەش كۈن بۇرۇن تەييارلىق قىلغان بولسا، 3 كۈن بۇرۇن يېتىپ كېلەلەيتتى.

(2) If I should fail this time, I would try again.

ئەگەر بۇ قېتىم مەغلۇپ بولسام، يەنە بىر قېتىم سىناپ باقىمەن.

5. بەزىدە، پەرەز قىلىنغان ئەھۋال شەرت بېقىندى جۈملە بىلەن ئىپادىلەنمەيدۇ، ئالدى قوشۇلغۇچىلىق سۆز بىرىكمىسى، تۇراقسىز سۆز بىرىكمىسى، تارماق سۆز بىرىكمىسى، ئىسىم، ئالماش، باغلىغۇچى or ياكى otherwise قاتارلىقلار بىلەن ئىپادىلىنىدۇ (مەسىلەن: 8-10 جۈملە). مەسىلەن:

He must be crazy, otherwise he wouldn't have divorced her.

ئۇ ساراڭ بوپتۇ، بولمىسا ئۇنىڭ بىلەن ئاجراشمايتتى.

6. قىستۇرما شەرت جۈملىدىن باشقا، شەكىل بېقىندى جۈملە، ئۆتۈنمە بېقىندى جۈملە، مەقسەت بېقىندى جۈملىلەردىمۇ قىستۇرما ئىشلىتىلىدۇ (مەسىلەن: 12-، 11-. 18-جۈملە). مەسىلەن:

(1) We kept quiet in case we should disturb our parents.

ئاتا-ئانىمىزغا دەخلى يەتكۈزمەسلىك ئۈچۈن، تىنچلىقنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ساقلىشىمىز لازىم.

(2) He works hard so that he may maintain his family.

ئائىلىسىنى بېقىش ئۈچۈن، ئۇ تىرىشىپ ئىشلەيدۇ.

(3) I won't let you in whoever you may be.

كىم بولۇشىڭدىن قەتئىينەزەر، سېنى ھەرگىز كىرگۈزمەيمەن.

7. قىستۇرما جۈملە يەنە ئۈمىد، ئارزۇ، پىكىر، بۇيرۇق مەنىلىرىنىمۇ ئىپادىلەيدۇ.

(1) wish تىن كېيىن كەلگەن تولدۇرغۇچىلىق بېقىندى جۈملە، خەۋەر پېئىلىنى، مەۋھۇم ئىنتۇناتسىيىدە كېلىپ ئارزۇ-ئۈمىدنى بىلدۈرىدۇ (مەسىلەن: 13-جۈملە). مەسىلەن:

I wish I rememberd the address.

ئەگەر ئادرېسىنى بىلگەن بولسام ياخشى بولاتتى.

(2) suggest, order, demand, propose, command, request, desire, insist قاتارلىق پېئىلدىن كېيىنكى تولدۇرغۇچىلىق بېقىندى جۈملىنىڭ بېقىندى خەۋىرى تولاراق should تىن تۈزۈلىدۇ. «should + پېئىل ئەسلى شەكلى» should چۈشۈپ قالىدۇ (مەسىلەن: 14-جۈملە). مەسىلەن:

I proposed that we (should) set off straight way.

مەن دەرھال تۇتۇش قىلىشنى تەشەببۇس قىلىمەن.

(3) suggestion, motion, proposal, order, plan, idea قاتارلىق سۆزلەردىن كېيىن كەلگەن ئىپادىلەش بېقىندى جۈملە (مەسىلەن: 15-جۈملە). مەسىلەن:

My idea is that we stay at home.

مېنىڭ پىكرىم، بىز ئۆيدە ئولتۇرۇشىمىز كېرەك.

(4) it is important, it is requested, it is suggested, it is desired, it is necessary, it was ordered, it was proposal

لاردىن تۈزۈلگەن ئىگە بېقىندى جۈملە( مەسىلەن: 16-جۈملە) .
مەسىلەن:
It is requested that all of you stop any form, any kind of demonstration.
سىلەرنىڭ ھەر خىل شەكىلدىكى، ھەر خىل مەزمۇندىكى نامايىشىڭلارنى توختىتىشىڭلارنى تەلەپ قىلىمىز.
(5) it is time دىن كېيىنكى ئېنىقلىغۇچىلىق بېقىندى جۈملە دائىم مەۋھۇم ئىنستۇناتسىيىدە كېلىدۇ (مەسىلەن: (17-جۈملە) . مەسىلەن:
It is time we went to bed.
ئوخلايدىغان ۋاقىت بولدى.
## 16. ئادەت قۇرۇلمىلىق جۈملە
**【ئۈلگىلىك جۈملىلەر1】**
1. He is a saint of a man.
2. To my surprise, she began to laugh.
3. She has blue blood.
4. She kept a good house.
5. It is important for him to work hard.
6. It is very unwise of you to refuse my offer.
7. It is no use trying to excuse yurself.
8. It is necessary that you go there at once.
9. It seems that you know a lot about it.
10. It happened that I had no money.

**【تەرجىمە】**
1. ئۇ بىر پەيغەمبەردەك ئادەم.
2. مېنى ھەيران قالدۇرغىنى، ئۇ كۈلۈۋېتىپتۇ.
3. ئۇ ئاقسۆڭەكلەر قان سېستىمىسىغا تەۋە.

4. ئۇ مېھمان كۈتۈشكە ماھىر.
5. ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئېيتقاندا تىرىشىپ خىزمەت قىلىش ئىنتايىن مۇھىم.
6. ئۇ مېنىڭ ياردىمىمنى رەت قىلدى.
7. سېنىڭ چۈشەندۈرۈشىڭ ھاجەتسىز.
8. سەن دەرھال ئۇ يەرگە بارغىن.
9. مەن ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن ئىشلارنى بىلمەن.
10. دەل ئىش يۈز بەرگەندە مېنىڭ يېنىمدىمۇ پۇل يوقتى.

**【تەھلىل】**

1. ئادەت جۈملە شەكلى بولسا كىشىلەرنىڭ ئۇزۇن مەزگىللىك تىل ئەمەلىيىتى جەريانىدا، بەزى ئادەت ئۇسۇللىرىنى شەكىللەندۈرىدۇ. ئىنگلىز تىلىدا بۇ خىل ئادەت ئۇسۇللىرى ناھايىتى كۆپ. بىز سۆزلەرنىڭ تەرتىپى بويىچە، بىر قىسىم نۇقتىلىق جۈملە شەكىللىرىنى تاللاپ ئاددىي قىلىپ چۈشەندۈرىمىز.

2. a + ئىسىم A+of+a + ئىسىم B، A خۇددى B دەك دەپ تەرجىمە قىلىنىدۇ. (مىسال 1) دىكى مەسىلەن:

(1) Iris is an angel of a wife.

ئىرىس پەرىشتىدەك ئايال.

(2) He lived in a palace of a house.

ئۇ سارايدەك ئۆيدە تۇرىدۇ.

3. جۈملە 2 دىكى to دائىم surprise delight relief disappointment shame astonishment قاتارلىق ئىسىملار بىلەن بىرىكىپ كېلىدۇ. مەلۇم ھەرىكەتنىڭ پەيدا بولۇش ھېسسىياتىنى ئىپادىلەشتە «to one's + ئىسىم» پەيدا بولىدۇ. ئالدى قوشۇلغۇچىلىق قىسقا جۈملىلەردە دائىم ھالەت بولۇپ كېلىدۇ. دائىم جۈملىنىڭ ئالدىدا كېلىدۇ ھەم پېئىللارنىڭ كەينىگە

قويۇشقا بولىدۇ.

(1) To our regret, we can't go to your party.

كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرىدىغىنى بىز سىزنىڭ يىغىلىشىڭىزغا قاتنىشالمايدىغان بولدۇق.

(2) I hope the investment will prove to your advantage.

مەن ئۇ تۇردىكى مەبلەغنىڭ سىز ئۈچۈن پايدىلىق بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

4. يەنە بەزى تۇراقلىق سۆز بىرىكمىلىرىدە، مۇقىم تەرجىمە قىلىش ئۇسۇلى بولىدۇ. 3-، 4-مىساللارغا ئوخشاش. ئىنگلىز تىلى بۇنداق ئۇسۇلغا ئادەتلىنىپ كەتكەن.

(1) That boy carried the stick after his parents died.

بۇ ئوغۇل بالا ئاتا-ئانىسى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ھەممە يەردە سەرگەردان بولۇپ يۈردى.

(2) I'm no soap about this thing.

مەن بۇ ئىشنى بىلمەيمەن.

(3) This boss's office was a very cold shoulder.

خوجايىنىنىڭ ئىشخانىسى ئىنتايىن سوغۇق.

(4) He is a stuffed shirt.

ئۇ بىر باي ئادەم.

5. مىسال جۈملىلەردە 5-10 ھەممىسى it نىڭ شەكىل جەھەتتىكى ئىگە بولغاندىكى ئادەتلىنىپ كەتكەن ئىشلىتىلىشى ئۇسۇلىدۇر.

(1) It is...for sb. to... جۈملە شەكلىدىكى for sb. نىڭ sb. بولسا پېئىلنىڭ ئېنىقسىز شەكلى مەنىسىدىكى ئىگە.

It is natural for him to get angry.

ئۇنىڭ ئاچچىقلىشى تەبىئىي.

(2) it is نىڭ كەينىدە كېلىدىغان سۈپەتلەر مەسىلەن:

قاتارلىقلار كەلگەندە يامانلىقىنى kind, cruel, wise, foolish بىلدۈرىدىغان سۈپەتتىكى for خېتى of غا ئۆزگىرىدۇ.

It is very foolish of you to say so.

ئۇنداق دېگەنلىكىڭ ئۆزۈڭنىڭ دۆتلىكى.

تۆۋەندىكى سۈپەتلەرنىڭ ھەممىسىنى it is...for sb.to... جۈملە شەكلىدە ئىشلىتىلىدۇ.

| | |
|---|---|
| hard ئېغىر، جاپالىق | necessary چوقۇم بولۇشقا تېگىشلىك |
| easy ئاسان، قولاي | possible مۇمكىن، ئىمكانىيىتى بار. |
| dangerous خەتەرلىك | convenient قولايلىق، ئاسان |

تۆۋەندىكى سۈپەتلەرنىڭ ھەممىسى it is...of sb. to... جۈملە شەكلىدە ئىشلىتىلىدۇ.

| | |
|---|---|
| bold يۈرەكلىك | absur ۋالاقلاش، يالغانچىلىق |
| careless ئېھتىياتسىز | nice ياخشى |
| cruel ياۋۇز، ئەسكى | foolish دۆت، كالۋا |
| honest سەممىي | impolite ئەدەپسىز |

(3) it is...that جۈملە شەكلىدە، 8-مىسال جۈملىدىكى it شەكىلدىكى ئىگە بولۇپ، that ئېلىپ كەلگىنى ئىگە بېقىندى جۈملە بولىدۇ. ئىگە بېقىندى جۈملىنى يەنە پېئىلنىڭ ئېنىقسىز شەكلىگە ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ. مەسىلەن: 8-مىسال جۈملىنى مۇنداق ئۆزگەرتىپ يېزىشقا بولىدۇ:

It is necessary for you to go there at once.

گاھىدا ئىنتوناتسىيىنى كۈچەيتىش ئۈچۈنمۇ بۇ خىل جۈملە شەكلى ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن:

1) It was Tom that I met in the park.

مېنىڭ باغچىدا ئۇچراتقىنىم دەل توم.

2) It was I that met Tom in the park.

مەن تومنى باغچىدا ئۇچراتقان.

3) It was in the park that I met Tom.

مەن تومنى باغچىدا ئۇچراتقان.

(4) it seems that sb... بولسا sb. دەپ تەرجىمە قىلىنىدۇ.
خۇددى. . . ، گويا. . . دەك، تەك. . . بۇنى يەنى sb. seems to...
شەكلىدە ئىشلىتىشكىمۇ بولىدۇ. مەسىلەن:

It seems that he is tired.

=He seems to be tired.

ئۇ ھېرىپ كەتكەندەك كۆرۈنىدۇ.

it seems that نى گاھىدا it would seem that شەكلىدە
ئىپادىلەشكىمۇ بولىدۇ، كېيىنكى شەكىل تېخىمۇ كۈچلۈك
تەكەللۇبنى ئىپادىلەيدۇ.

It would seem that he is unable to solve the problem.

ئۇ قارىماققا بۇ مەسىلىنى يېشەلمەيدىغاندەك قىلىدۇ.

(5) it happened that sb. نى يەنە sb. happened to... شەكلىدە
ئىشلىتىشكىمۇ بولىدۇ. بۇ چاغدا «sb» تۇيۇقسىز ئۇچراش،
يولۇقۇش دەپ تەرجىمە قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

It happened that I saw him there.

=I happened to see him there.

مەن ئۇ يەردە تۇيۇقسىز ئۇنى ئۇچرىتىپ قالدىم.

گاھىدا يەنە happened نىڭ ئالدىغا so تۇردىكى رەۋىشلەرنى
قوشۇپ تولۇقلىغۇچى قىلىشقىمۇ بولىدۇ.

It so happened that a mouse had just been caught in the trap.

بىر چاشقان تۇيۇقسىز تاختىمۇشۇككە چۈشۈپ قالدى.

【ئۈلگىلىك جۈملىلەر2】

1. We usually get nothing but complaints.
2. Mary does nothing but cry.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

3. We have two bikes: one is red, and the other is black.
4. Knowing is one thing, teaching is quite another.
5. My daughter is something of a musician.

**【تەرجىمە】**

1 . ئادەتتە بىز ئاغرىنىشتىن باشقىغا ئېرىشەلمەيمىز.
2 . مارىي يىغلاشتىن باشقىنى بىلمەيدۇ.
3 . بىزنىڭ ئىككى ۋېلىسىپىتىمىز بار: بىرسى قىزىل رەڭلىك، بىرى قارا رەڭلىك.
4 . بىلىش باشقا گەپ، بىلدۈرۈش يەنە باشقا گەپ.
5 . قىزىمنىڭ مۇزىكىدا تالانتى بار.

**【تەھلىل】**

1 . يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسى بىر قىسىم ئالماشلارنىڭ ئادەتكە ئايلانغان ئىشلىتىش ئۇسۇللىرىدۇر.

2 . nothing but رەۋىش only غا باراۋەر بولۇپ، «پەقەت، يالغۇز، بولمىسا» دەپ تەرجىمە قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ ۋەكىللىك جۈملە شەكلى:

nothing but = nothing else than
= nothing more than
= little more than

John is nothing else than a minor composer.

John پەقەت بىر ئادەتتىكىچە كومپوزىتۇر.

3 . do nothing but «پەقەت. . .» دېگەن مەندە بولۇپ، ئۇنىڭ كەينىگە چوقۇم پېئىللارنىڭ ئەسلى شەكلى ئۇلىنىدۇ. ئورنىنى باسىدىغان، لېكىن ئىسمداش ياكى پېئىلنىڭ ئېنىقسىز شەكلى ئۇلانمايدۇ. ئۇنىڭ جۈملە شەكلى بولسا:

do nothing but + پېئىللارنىڭ ئەسلى شەكلى
= not do anything but + پېئىللارنىڭ ئەسلى شەكلى

پېئىللارنىڭ ئەسلى شەكلى + can hardly do anything but=
She doesn't do anthing but laugh.

ئۇ پەقەتلا كۈلەتتى.

4. the one..., the other... بولسا «ئالدىنقىسى...، كېيىنكىسى» دەپ تەرجىمە قىلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ ئورنىغا يەنە the former..., the latter...; that...this... نى ئىشلىتىشكىمۇ بولىدۇ.

Both Tom and John are my intimate friends: the former is a man of means, the latter is a man of letters.

توم بىلەن تون مېنىڭ ئەڭ يېقىن دوستۇم، ئالدىنقىسى بولسا بىر بايۋەتچە، كېيىنكىسى بولسا بىر ئىلىم ئەھلى.

5. one..., the other..., «بىر...، يەنە بىر...» دېگەن مەنىدە بولۇپ، one ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئادەملەر ئارىسىدىكى «بىرسى» دېگەن مەنىدە the other بولسا «قىپقالغان بىرسى» دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ تۆرداش جۈملە شەكىللىرىدىن:

some..., others... بەزىلەر ... بەزىلەر ...

some..., some... ... بىر قىسىم ... يەنە بىر قىسىم

I have a lot of dolls: some are given by my mother and some are given by my father.

6. A is one thing, B is another «A بولسا مۇنداق ئىش، B بولسا باشقا بىر ئىش» دېگەن مەنىنى بېرىدۇ. 4-مىسال جۈملە ۋە تۆۋەندىكى جۈملىگە سېلىشتۇرۇپ بېقىڭ.

Education is one thing, morality is another.

مائارىپ بولسا بىر خىل ئىش، ئەخلاق بولسا يەنە بىر خىل ئىش.

7. something of «خالى، يوق» دەپ تەرجىمە قىلىنىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭ تۇرداش جۈملىلەردىن تۆۋەندىكىلەر بار.

nothing of... ئازراقمۇ يوق

much of... نۇرغۇن

He is nothing of a scholar.

ئۇنىڭدا ئازراقمۇ ئوقۇغۇچىلىق سالاھىيەت يوق.

【ئۈلگىلىك جۈملە 3】

1. He is as good as dead.
2. I'm all but ready.
3. I'm only too glad to be able to help you.
4. The vacation ended all too soon.
5. I like him all the more because he has a few faults.
6. He is none the happier for his wealth.
7. He knows German, much more English.
8. She can't ride a bicycle, much less a motorcycle.
9. He is as brave as any man alive.
10. Nothing is more precious than time.
11. It is with man's life as with a dream.
12. As I live, I mean well.
13. As it is, he is a rech man.

【تەرجىمە】

1. ئۇ ئۆلۈكتەكلا بوپ قاپتۇ.
2. مەن تەييار بولايلا دەپ قالدىم.
3. سىزگە ياردەم بېرەلىگەنلىكىمدىن ئىنتايىن خۇشال بولدۇم.
4. تەتىل ۋاقتى ناھايىتى تېز توشتى.
5. ئۇنىڭ بەزى كەمچىلىكلىرىنى بىلىپ، ئۇنى تېخىمۇ ياخشى كۆردۈم.

6. ئۇ باي بولۇپلا قالماي، ناھايىتى خۇشال.
7. ئۇ نېمىس تىلىنى بىلىدۇ، ئىنگلىز تىلىنىغۇ دېمەيلا قويايلى.
8. ئۇ ۋېلسىپىت مىنىشنى بىلمەيدۇ، موتىسىكلىت مىنىشنىغۇ دېمەيلا قوياي.
9. ئۇ دۇنيا بويىچە ئەڭ باتۇر ئادەم.
10. ۋاقىتتىن قىممەتلىك نەرسە يوق ياكى ۋاقىت ئالتۇندىن قىممەت.
11. كىشىلىك ھايات چۈشكە ئوخشايدۇ.
12. مەقسىتىم راستىنلا ياخشى.
13. ئەمەلىيەتتە ئۇ ناھايىتى باي.

**【تەھلىل】**

1. يۇقىرىدىكى مىساللار سۆپەت ياكى رەۋىشلەرنىڭ ئىشلىتىلىشىگە مۇناسىۋەتلىك.

2. as good as «ئارانلا، خۇددى... ئوخشاش» مەسىلەن:

(1) He as good as promised it to me.

ئۇ ماڭا تەستە قوشۇلدى.

(2) This watch is as good as that one.

بۇ سائەت ئاۋۇنىڭغا ئوخشاش.

3. all but رەۋىش بولغاندا «ئارانلا» دەپ تەرجىمە قىلىندۇ. ئەمما، all but نىڭ كەينىگە ئېنىقلىغۇچى ياكى تولدۇرغۇچى بولىدىغان ئىسىملار ياكى ئالماشلار كەلگەن ۋاقىتتا but نىڭ مەنىسى except بىلەن ئوخشاش بولىدۇ. مەسىلەن:

All but John showed much interest in this proposal.

John دىن باشقا ھەممەيلەن بۇ تېمىغا قىزىقىدۇ.

4. only too بىلەن all to ھەممىسى «ناھايىتى» دەپ تەرجىمە قىلىنىدۇ ھەمدە very بىلەن مەنىسى ئوخشاش ئۇندىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

باشقا really too ،but too لارمۇ كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، very
دېگەن مەننى بىلدۈرىدۇ.

(1) You are really too kind.

سىز تولىمۇ مېھرىبان ئىكەنسىز.

(2) Her speech came to an end but too soon.

ئۇ سۆزىنى تېزلا/چاپسانلا تۈگەتتى.

5. all the more...because... «چۈنكى... بولۇپمۇ» دەپ
تەرجىمە قىلىنىدۇ. because نىڭ كەينىگە بېقىندى جۈملە
كېلىدۇ. because نىڭ ئورنىغا for نى ئالماشتۇرۇپ ئىشلىتىشكە
بولىدۇ. كەينىدە ئىسىم كېلىدۇ. مەسىلەن:

I like him all the more for his faults.

ئۇنىڭ بەزى كەمچىلىكلىرى بولغاچقا، ئۇنى تېخىمۇ ياخشى
كۆرىمەن.

6. none the less..for... «بولماستىن... بەلكى» دەپ
تەرجىمە قىلىنىدۇ. none رەۋىش بولۇپ، مەنىسى «ئازراقمۇ
ئەمەس» not at all بىلەن ئوخشاش، سېلىشتۇرمىسىنىڭ ئالدىغا
the قويىمىز، too, so نىمۇ قويۇشقا بولىدۇ. مەسىلەن:

He did it none too well.

ئۇنىڭ قىلغىنى ئانچە ياخشى ئەمەس.

7. much more بىلەن much less ھەممىسى «دېمەيلا قوي»
دەپ تەرجىمە قىلىنىدۇ. much more جەزملەشتۈرگەن جۈملە،
ئەمما much less ئىنكار جۈملە. مەسىلەن: 7، 8 جۈملە much
more نى still more غا ئالماشتۇرغىلى بولىدۇ. much less نى
still less بىلەن ئالماشتۇرغىلى بولىدۇ.

(1) She can ride a motorcycle, still more a bicycle.

ئۇ موتسىكلىت مىنىشنى بىلىدۇ. ۋېلىسىپىت مىنىشنى
دېمەيلا قوياي.

(2) He does not know English, still less German.

ئۇ ئىنگلىزچە بىلمەيدۇ، گېرمان تىلىنى دېمەيلا قوياي.

